ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى



# قىز پەسلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




## 图书在版编目(CIP)数据

少女季节:维吾尔文/阿不来提.阿布都热西提.巴尔克著 —乌鲁木齐:新疆人民出版社.2000.7

ISBN 7—228—05849—6

Ⅰ.少… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅵ.Ⅰ.1227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 63203 号


**少女季节**(维吾尔文)

(诗集)

阿不来提.阿布都热西提.巴尔克 著

---


新疆人民出版社编辑出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)

新疆有色地质堪查局印刷厂印刷

850×1168 毫米 32 开本 5 印张 2 插页

2000 年 7 月 第 1 版 2000 年 7 月第 1 次印刷

印数:1—3000

---

ISBN7—228—05849—6/I.2135(民文)定价:10.00 元

## تەرجىمىھالىم

مەن1971 – يىلى دۇنيا مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇم. سەل ئەقلىمگە كەلسەم، ئەتراپىمىكى ماددىي دۇنيا شۇنچىلىك نامرات، خەلقىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانىكەن. بۇ ماڭا جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى قېتىم بەرگەن دەرسى ئىدى. 1989 – يىللىرى گېزىت – ژۇرناللاردا ئەسەرلىرىم ئانچە – مۇنچە ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. 1994 – يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل – ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولدۇم. ئوقۇتقۇچىلىق جەريانىدا مىللىي مائارىپىمىزنىڭ بىرىنچى پەلەمپىيىنى ھاسىل قىلىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئوقۇغۇچى بولۇپ تۇرغان بىچارە تۇرقى يۈرىكىمگە ھاياتنىڭ ئىككىنچى دەرسىنى ئۆتتى.

ھازىرغا قەدەر ئىككى يۈز پارچىگە يېقىن شېئىر، ھېكايە، نەزىرىيىۋى ماقالىلىرىم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرچە گېزىت – ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، ئۇلارغا قارىتا بىرنەچچە پارچە ئوبزورمۇ يېزىلدى.

شېئىرلىرىمنى قەلبىمنىڭ دىئالوگى، ھېكايىلىرىمنى مەن تونۇغان ھاياتنىڭ بىر پارچە كارتىنىسى، ماقالىلىرىمنى تەپەككۇر قۇرۇلمامنىڭ ئەينىكى دەپ ھېسابلايمەن.

ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى

## مۇندەرىجە


تونۇشۇش ........ 1
قاشتېشى ........ 2
قار ياغقان ئاخشىمى ........ 3
بەخت ........ 4
ئۆڭكۈر ........ 5
نۇزۇگۇم ........ 6
بەختىڭگە مانىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قۇش ........ 7
مەۋجۇتلۇق ـ 1 ........ 8
باياۋان ـ 1 ........ 9
قار ياغقان شەھەر ........ 12
شەيتان ........ 14
كىنوخانا ........ 15
سىمۋول ........ 16
ئېتىقادسىزلىق ........ 18
ئايال ـ 1 ........ 19
ئاق تاماكا ........ 20
كۆزدىكى تىرىلىش ........ 21
سالام خەت ........ 22
مۇز چۈشەش ........ 23
خوتۇن ........ 25
ئۆزۈمگە تېز سىزما ........ 27

يۇرۇڭقاش ........................ 28
ئانام ، باھار ، مەن ........................ 29
ھىجران ........................ 30
شەنبە ........................ 31
... گە ........................ 32
تەنھالىق تەشۋىشلىرى ........................ 33
دەردمەن بويتاق ........................ 34
تانسا ........................ 35
قاراش ........................ 36
بەخت ........................ 37
كۆنچى دەرياسى ........................ 38
كۆز ........................ 39
قۇرۇپ قالغان بىر بۇلاقنىڭ خاتىرىسىگە ........................ 40
كۈتۈش ........................ 41
باياۋان ـ 2 ........................ 42
قوي كۆز لىرىكىسى ........................ 44
تەنھالىق لىرىكىسى ........................ 45
ھىجران لىرىكىسى ........................ 46
چېقىن ........................ 47
باھار كېلىپ يارالمىدىم قەبرەڭگە ........................ 48
بۇ باھارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس ........................ 49
دەرەخلەر شەرھى ........................ 50
تاشلاردىن كۆكلەش ........................ 51





ئاق سىبىل ........................ 52
بەخت سازلىقى ........................ 53
ئوقۇغۇچىلىرىمغا ........................ 55
ئالەتنامە ........................ 57
ئېچىرقاش بەدىلى ........................ 58
سىياھ ........................ 59
ئايال ـ 2 ........................ 60
سۈكۈت ........................ 61
ئاغىنىلىرىم ........................ 62
ھەممە يەر دەسسەلگەن ........................ 63
قىز پەسلى ـ 1 ........................ 64
كىرورەن گۈزىلى ........................ 68
كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا ........................ 69
ئازاب ........................ 70
خوتەن بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ........................ 71
خوتەن قاشتېشى ........................ 72
بەدە ........................ 73
قىز ۋە مەن ........................ 74
ئۈستەل ........................ 75
روبىنزون كىروزۇ ........................ 76
ئوۋچى ........................ 77
يۈرەك رىۋايىتى ........................ 78
باغلىنىش ........................ 79

ئارمان ئالىمى ........ 80
قورچاق ........ 81
مەنە ........ 82
قۇمنامە ........ 83
تاش ۋەزنى ........ 85
تۇغۇلغان كۈنۈڭ ........ 86
نازۇكۇم ........ 88
تۇغۇلغان يېزام ........ 89
ئۇيغۇر ........ 92
ئۆتمۈش ........ 93
قىز پەسلى ـ 2 ........ 94
ئۈرۈمچى كېچىسى ........ 95
بىر قىزغا ........ 96
يانۋار ........ 97
ئوقۇتقۇچى ........ 98
لياڭشەن كۆلى ........ 99
خوتەنلىك ئادەم ........ 100
يۇرۇڭقاش تەزكىرىسى ........ 101
مىراس ........ 102
دېرىزىدىن دېرىزىلەرگە ........ 103
ئاپتور ........ 104
ۋەتەن ـ 1 ........ 105
يۈرەك ........ 107





لۆكچەكسىز زامان ........ 108
يالىڭاچلىق ........ 110
ئىدىيە ........ 111
قاتىللىق ........ 112
خەت يازمىدىم ........ 113
داۋاملىق ياشاش ........ 114
سىياھ ۋە قان ........ 115
ئىنساننىڭ يەنە بىر تەرىپى ........ 116
يۇرتۇم ........ 117
توختام سۇ ........ 118
بۇ دۇنيا ........ 119
نوتا ........ 120
دەريا مەنتىقىسى ........ 121
مۇزلىغان كېچە ........ 122
مەن يازمىغان شېئىر ........ 123
ئۆزۈم ھەققىدە ........ 124
سەھرادىكى بىر كەچكە سىزما ........ 125
دوقمۇش ........ 126
مەۋجۇتلۇق ـ 2 ........ 127
سۇلياۋ گۈل ........ 128
كۆز ........ 129
چاڭقاش كومېدىيىسى ........ 130
چېچەكسىز باھار ........ 133

## مۇندەرىجە

ماۋزۇسىز ........................................ 134
بىر يېزىنىڭ ئارزۇسى ........................................ 135
يىراقلىق ........................................ 136
قىش كېچىسى ........................................ 137
هالاكەت ........................................ 138
دەريادىكى ئەتىرگۈل ........................................ 139
هاياتقا قارىغۇنىڭ كۆزىدە قاراش ........................................ 140
ياز ئەتىگىنى ........................................ 141
ئەنجۈر ........................................ 142
قۇرۇغان ياپيۇز خاتىرىسى ........................................ 143
يېگانە ئادەم ........................................ 144
«مەھبۇسلۇق پەلسەپىسى» ........................................ 146
مۇھەببەت پەسلى ........................................ 147
قىش پەسلى ........................................ 148
ۋەتەن ـ 2 ........................................ 149
مۇھەببەت ........................................ 150
ئاي تەنھالىقى ........................................ 151





## تونۇشۇش

يول بويىدا بىر تال گۈل بولۇپ،
ئۆتسە ئۇ دەپ تۇرسامەن كۈتۈپ.
سوزۇلغاندا تاقەت ، ىشىنىسى
كېلىپ قالساڭ سەن
ئالساڭ مېنى دەرهال هىدم كۆلۈپ.
تونالامتىڭ
دېمىسەمۇ جانانىم بۇ مەن.

ئاي نۇرىغا كەتسە قېتىلىپ
هارارەتكە تولغان سېغىنچىم،
كىرىپ كەلسەم ئاي نۇرى بولۇپ
تونارسەنمۇ
كۆزلىرىڭنى ئۇنىسىز نەم قىلىپ.

سېنىڭ ئۈچۈن بولغۇم بار مېنىڭ
جاهاندىكى هەممىلا نەرسە.
ئاياغ ئىزىڭ چۈشكەن تۇپراق
سەن سۇۋۇلۇپ ئۆتكەن بىر دەرەخ
بىر گۈل
سېنى سۆيۈندۈرگەن
پەقەت
تونالىسا سېنىڭ يۈرىكىڭ.

## قاشتېشى

قوللىرىمدا سۈزۈك قاشتېشى،
ئوت تارايدۇ ئۈنىڭدىن لېكىن.
دەپ قالىسەن ساقلىدى قانداق،
گۈپلا كۆيۈپ كەتمەستىن زېمىن.

قوللىرىمدا سۈزۈك قاشتېشى،
بىر گۈزەل كۆي تارار قېتىمدىن.
كىم بىلىدۇ سىر باردۇر قانداق،
ئاڭلاپ، ئاڭلاپ قانمايدۇ زېمىن.

قوللىرىمدا سۈزۈك قاشتېشى،
مېنىڭكى ئۇ، مېنىڭكى بىلگىن.
شۇڭا قۇياش كۆيەر بوپ كۈندەش،
شۇڭا دەردلىك تولغىنار زېمىن.





## قار ياغقان ئاخشىمى

قار ياغمىدى، ياغدى گۈل ـ چېچەك،
قۇچىقىمغا ياغقان كەبى سەن.
ئەركىلەيسەن، كۈلكەڭ بىغۇبار،
قۇچىقىمدا بوۋاق سەبىي، سەن.

قار ياغمىدى، ياغدى بىر ئۆپۈق،
بولۇپ قالدۇق يۇلتۇزلىرى بىز.
ئۆركەشلىدى خىيالىمىزدا،
بۇزغۇن بىلەن تولغان كۆك دېڭىز.

## بەخت

تاشلار ئۈستى
يېتىش ئۈچۈن يۇقىرىغا،
ئەتە مېڭىپ قالار يولۇڭغا،

بۇلاقلاردا قاتتىق مۇز
كېلىشىڭنى ئاڭلاپ.
چېچەكلىدى كاچكۇلدا
ئاينىڭ نۇرى بولۇپ ھەم ئازاب.

تاغلار مىندى سۈكۈتكە
ساڭا قىيا باقماستىن تېخى.
مەن ئۈگەندىم قوشاق توقۇشنى،
بىلمەي تۇرۇپ نېمىلىكىڭنى.





## ئۈڭكۈر

قاراڭغۇدا مەن بىلمىگەن نەرسە بار،
مۇھەببەتتۇ بەلكىم تېپىپ باقمىغان.
قۇياش بولۇپ كۆرۈنمىدۇ، يۈرەكنى
باسسا ئەگەر بەزەن ھەسرەت ھەم پىغان.

ياق، يول باردۇر ياتقان كۈتۈپ مېڭىشنى،
ياق، بار ئىدىغۇ كولاپ قويغان بىر ئورا.
قارا ئۈڭكۈر تەۋرەتمەكتە قەلبىمنى،
سىغىنىشنىڭ قۇياشىدەك ئۇ گويا.



## نۇزۇگۇم

رەيھان سەندەك ئېچىلماس،
ھەر ياپرىقىڭ بىر قۇياش.
دەريا سەندەك ئاقماس،
تامچە يېشىڭ
قويار داغدا دېڭىزنى.
قىزلار سەندەك تۇغۇلماس،
ئەگەشتۇرۇپ كەتكەن سەن
دەرگاھىڭغا ھەممە يۇلتۇزنى. . .







## بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قۇش

بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قۇش،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۇرەكلىرىم قان.
كۆڭلۈڭنى ئۇتۇشقا توقالمىدىم كۈي،
كۆرگەندە يامان چۈش سەن ئەي جانىجان.

بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم تاڭ،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۇرەكلىرىم قان.
ئاپتاپ بوپ يېشىڭنى قۇرۇتالمىدىم،
چەكتىم مەن پەقەتلا ئاھ ئۇنسىز پىغان. . .

بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قۇش،
غېمىڭنى كېتىشكە يىراققا ئېلىپ.
بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس قويالمىدىم مەن،
ئەبەدلىك بەختىڭنى دىلىڭغا سېلىپ.

بەختىڭگە مىڭ ئەپسۇس بولالمىدىم قۇش،
بەك ئاددىي بەندىمەن يۇرەكلىرىم قان. . .
تىلىدىم پەقەتلا كېچەڭگە بىر چۈش،
ئىللىق ھەم نۇرلۇق، ھەم قۇياش پارلىغان.

## مەۋجۇتلۇق ـ 1

ئىككى بەتكە بىر پارچە قوشاق،
كېلىشتۈرۈپ يازالمىساممۇ
سۆيەلەيمەن سېنى قاقشىتىپ.

قېتىپ قالسا لېۋىمدە كۈلكەم
باقالمىسا قۇياش پېتىنىپ.
كېتەلەيسەن پەقەت سەن ئۈنى
سۆيگۈڭ بىلەن ئاستا ئېرىتىپ.

مەن سۆيگۈگە قانمىغان ئادەم،
قەلبىم چاك ـ چاك يېرىلغان بىر چۆل.
سەن بىر ئالەم ياشارغان پەقەت،
شۇ چۆل ئۈچۈن بولۇپ تەنها گۈل...





## باياۋان ـ 1

### 1

چېقىلارمەن تاك قىلىپ چەكسەڭ،
جامالىڭنى كۆرسىتەر ئەمما
تولۇق قىلىپ ھەر بىر سۇنۇقۇم.
ئەگەر ماڭا قىلماق بولساڭ سۆز
ئېغىزىڭ ھېچ مىدىرلىمىسىمۇ
نېمە دېمەكچىسەن
ئاڭلاپ بولار ھەممىنى قۇلىقىم.
كېلەر بولساڭ
كېلىشنى ھەم قىلساڭ خىيال،
يۈرىكىم
بولار دەرھال يولغا ئايلىنىپ.
كۆرۈشۈشنى ئىستەيمەن
كەلمەيسەن ئەمما.
سۆيۈشنى ئىستەيمەن
سۆيمەيسەن ئەمما.

2

قانچىنچى ئادەممەن بۇ ئالەمدە،
تۇغۇلغان يەنە قانچىنچى بولۇپ؟
بىلمەيمەن كۆكسۇمدىكى
شۇ كىچىك يۈرەك
قاچان قالدى
بۇ ئۇلۇغ ئوتلارغا تولۇپ.
تىكىلىمەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
ئۆزۈم بىلمىگەن خىيالىمدىكى بىر يولغا.
شۇ يولدا كېلەر
يۈرىكىمدىكى ئوتنىڭ تىلىنى ئۇققۇچى.
تەنلىرى گۆش، بىزگە ئوخشاش
بىر ئادەم تۇرۇپ
شۇ ئوتلارنى يۇتۇپ ئۆتكۈچى.

3

دېيەلمىگەن گەپلىرىم تولا،
سورىسا بىرەرى دېمەيمەن ئەمما.
ماڭمىغان يوللىرىم تولا،
ماڭ دېسە بىرەرى ماڭمايمەن ئەمما.
ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ئېچىلمىغىنى خوپ،





كېيىن
ئۆلۈمنىڭ تۈنجى كېچىسى،
چۈشەندۈرگەي مېنى، يۈرىكىمنى
شۇ دېيىلمىگەن گەپ
شۇ ماڭمىغان يول
ئورنىدىن تۇرۇپ.

4

سالام خەتلىرىڭنى كۆيدۈرمەكچىمەن،
خەتلىرىڭ كۆيدۈردى ۋە لېكىن مېنى.
كۈل قىلدى كۆز يېشىڭ مەغرۇرلۇقۇمنى،
ئاھلىرىڭ ئۆلتۈردى بۇ يۈرىكىمنى.
ئۆزۈمنى كۆيدۈردۈم ئۆزۈمنى خالاس،
خىيالىمدا سەن يەنە غالىب.
سېغىنىشىم كۆكىمدە شاھسەن
مېنى قىيناپ تۇرغان شۇنچە ئاجايىپ.

## قار ياغقان شەھەر

بىلىمەن بۇ شەھەردە قار ياغدى كېچە،
ئۇيۇش ئىزدەپ سوزۇلغان لەۋگە تەگكەندەك تەستەك.
بىلىمەن قار ئاستىدا ياشارغان دالا
ئوتىنى بېسىپ
كاچكۇلدا بەختىنى تاپقاندەك يۈرەك.
روھىم قۇشلىرى ئەركىن ۋە ئۇچقۇر،
ئېرىپ بارار قارغا ئەگىشىپ.
تەبىئەتتە بار قۇياش لېكىن روھىمنىڭ
قۇياشى بارىدۇ باھاردا پېتىپ
قار ياغقان شەھەر.
قۇياشى مۇزلىغان روھ قۇشقاچلىرى
سالام خەت چىشلەنگەن خىيالنىڭ لېۋىگە.
ئويغىنىپ كەتكەن بىر دۇنيا ئەمما
لىپاپا ئىچىدە.
ياتىقىم ئۆزۈمدەك بىر ئايالغا زار،
بوللارنىڭ تىلىدا يادلىنار باھار
نەدە سەن ئومىقىم، نەدە سەن گۈللەر،
چۈشۈمدە بولدۇڭسەن پەقەت تىلتۇمار.
روھ قۇشقاچلىرى





سۆيگۈ ئۆۋچىسىنى تىلەپ قىلىدۇ دۇئا،
ئوقلار ۋەسلىگە كۆكسىنى ئېچىپ
ياتىقىم ياتىقىمدەك قاغجىراق كۆڭۈل،
قار ياغقان شەھەرگە قاراپ،
باھاردىكى قارغا قاراپ
قالارمۇ بىر نەرسىنى زادى چۈشىنىپ.

قار ياغقان شەھەر،
ئايالسىز ياتاق.
ئەسلى
ئوخشاش بىر ئاھاڭ،
ئوخشاش بىر دۇنيا.
قار ياغقان شەھەرگە باھار كەلگەن، لېكىن
ياتاققا ھېچ ئايال كەلمىگەن ئەمما.

## شەيتان

يىراقتىن ئىزدەپ بولما ئاۋارە،
شەيتان ئەسلى يۈرىكىڭدە.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ مەقسىتى ھەسەل يىغىش ئەمەس،
ئۆزى ئۈچۈن يىغىدۇ ھەسەل.
شەيتاننىڭ مەقسىتى ئادەمنى ئالداش ئەمەس،
ئادەم ئالداپ كەتكەن ئەسلىدە ئۆزنى،
ھەسەلى ئوغرىلانغان ھەرىلەر كەبى.

شەيتان دېمەك يۈرەك دېمەك،
باشقىلار تىرىپىدىن ئوغرىلانغان.
شەيتان دېمەك ھەسەل دېمەك،
پايدىلىنالماس ھەسەل ھەرىسى.





## كىنوخانا

يۈرەك ئېرىپ سۇغا ئايلىنىپ،
ئاستا ـ ئاستا چىقىدۇ يېنىپ.
ئورۇندۇقتا قالار مۇزنىڭ سايىسى.

ئېكران پاكلىنىشنىڭ ئوچىقى بولغان چېغى،
ئورۇندۇق بولار قەبرە ئەسلىمىلەرگە.
پەلەمپەيلەر بىر ئازابقا ھامىلدار دېمەك،
بويىدا قالغان
تىترەشلەر كىرگەن چېغى چۈشىگە.

مۇھەببەتكە قانمىغان ئادەم
كىنودىن قانداق تاپسۇن تەسەللىي؟
كىنودىكى تەكتىگە يەتسەك
ئارمىنىنىڭ سايىسى ئەسلى.

## سىمۋول

چۆللەرگە قاراپ
يېتىمغا كېلىشنى قىل دەرھال قارار.
گۈل بولۇپ ئېچىل
باغچام قىشتا قىينالدى تازا
مېنى
يوقلاپ كەلگەن چېغىمدا باھار.

يوللار ئۈچرىسا
يېڭى - يېڭى ئىز چۈشكەن
دەسسەپ كۆرگىن ئۆز ئىزىڭمىكىن،
ساقىسا كۆز ياش
سۇنغان شاخلارنى قىيناپ ئاپتاپ.
رەم سېلىپ كۆر،
ساقىغىنى ياش ئەمەس
يۇلتۇزۇڭمىكىن؟
بىراۋ
چوغ سورايدۇ ھەر كۈنى
بوسۇغاڭغا تەلمۈرۈپ.





بىراۋ
يول ياساپ تومۇرىدا
بىر جايدا سېنى تۇرىدۇ كۈتۈپ.
چوغنى بەرمە، چوغسىز قالىسەن
سوغۇق بەك يامان،
سەن قان ئەمەس
ماڭما تومۇردا
ھە بىر چاغدا يولسىز قالىسەن،
چىققان مەنزىلىڭ
بولۇپ قالسا يۈرەك ئەمەس ئەگەر باياۋان.

سىمۋول شۇنداق نەرسە،
تومۇردا يول بار،
يوللاردا تومۇر.
ئەمما ھېچكىم بىلمەس
يولدىكى يولۇچىمۇ،
تومۇردىكى قان؟

## ئېتىقادسىزلىق

ئانىمىزنى تونۇيمىز،
بىلمەيمىز ئۇ كىم ئەمما.
قورقىمىز خۇدادىن پەقەت
ئاخىرەتنىڭ بارلىقى
ئېسىمىزگە كەلگەن چېغىدا.
چۈشەنمەستىن بىر ئۆمۈر
كېتىمىز ئۆتۈپ
سەن كىم؟
ئۇ كىم؟
نېمىمىزدۇر زادى بۇ دۇنيا؟







## ئايال - 1

دەريا دولقۇنلايدۇ،
يالماپ ئۆتەر قىرغاقلىرىمنى.
قويۇلار كۆزۈمگە
دوزاق ئوتى بوپ.

دەريا ئېگىرايدۇ،
بېلىقىم ھالسىرايدۇ،
يەنە دولقۇن كېلىدۇ كۆمۈپ.

تىنجىپ قالدى جىمى ئالەم،
ئەكەلمەيدۇ شامال خۇشپۇراق.
بەردە يوق ھېچكىم،
ئايالالار يۇلتۇزغا ئايلاندى بىراق.

## ئاق تاماكا

كۆك بۆرىنىڭ سۆڭىكىدىن
ياسىغانمىش ئەيدىغۇ سېنى
ئاخىرەتنىڭ ئۇۋچىلىرى.
ئوغۇزخان
مەست بولۇپ قالغان كۆلىڭنى پۇراپ.
كۆز يېشىنى سۈرتكەن چاغدا
ئانىسىنى تونۇمىغان،
ئانىسىنى.

قىزىقتە
ئاقلىقىدا ئاق سۈتكە ئوخشاش،
تەسلىم بايرىقىدەك يەنە. . .





## كۆزدىكى تىرىلىش

سىياھلار ئىچىدە قاينىغان قانمەن،
خازانلار بەرگىگە تۆكۈلەر كۆزۈم.
ياشاپ كەلدىم دەپتەر ئىچىدە،
ئىزدەيمەن
مۇھەببەت نېمە ئۇ؟ كۆيۈك نېمە ئۇ؟
ۋاراقتىن – ۋاراققا ئاقار يۇلتۇزۇم.

لېكىن، ئىنسان ئاجىز نەقەدەر،
لېكىن قەغەز سوغۇق نەقەدەر.
قەغەزدە كۆيگەن ئوتلارنىڭ
يوق ھارارىتى.
ھۆللەنمەس ھەقىقىي شەبنەملەر بىلەن،
قەغەزدە باشلانغان تاڭ،
قەغەزدىكى سەھەر.

مۇھەببىتىم قاچمىغىن مەندىن،
تاشلاپ بېرىپ ئالدىمغا كۆزنى.
مۇھەببىتىم قاچمىغىن مەندىن،
يۇرمەي ئاۋارە ۋاراقلار ئارا،
لېۋىڭ بەرگىدىن ئۈزەي يۇلتۇزنى.

## سالام خەت

كەچۈر گۈلۈم ئەۋەتكىنىم خەت ئەمەس،
كۆزنىڭ ئاچچىق يامغۇرى.
ئەسلىمىلەر ياغدۇرۇپ ئۆتكەن،
ئېلاندۇر ئۆزۈمنىڭ،
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا يىتكەن.
پەش گۈل غۇنچىسى،
سۆيۈشلەرنىڭ داغلىرى قالغان.
چېكىت بىز توختىغان يول،
چېچەكلىگەن چېغىدا ئارمان.
كۆپ چېكىتلەر دۇدۇقلاشلىرىم،
ئېزىققاندا كۈزۈڭدە جاھان.
سوراق،
بوسۇغاڭدا تۇرغان چېغىمدۇر،
مەجنۇنلارچە بوينۇمنى قىسىپ،
ۋىسال مەندىن كەتكەندە ئېزىپ.

كەچۈر گۈلۈم،
ئەۋەتكىنىم خەت ئەمەس،
يۈرىكىمنىڭ چۈشى ئۆرۈلگەن،
يىغلاپ قاقشاپ سۆيۈشلىرىم ھەم
قۇچىقىڭغا
گۈل ياپرىقى بولۇپ تۆكۈلگەن.





## مۇز چۈشەش

ھېچكىم ھېس قىلالماس چۈشىدە
سىرىكچىلىك نۇقتىسىدىن ئەمەس
تاسادىپىي
سۇ ئۇستىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇشنىڭ
ئازابىنى
ئالدانغان ئاشىقتىن بۆلەك.

بىز ھەممىمىز
ھەي ھازىرقى زامان ئادەملىرى
ئوڭىدىمۇ
سۇ ئۇستىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرغۇچىلارمىز،
قاچان يىقىلىمىز،
ئەمما بىلمەيمىز.

ھەر كۈنى بىر خىللا
يازدىمۇ، قىشتىمۇ، كۈزدىمۇ
مۇزلا چۈشەيمەن
ئوغۇز سۇتىگە ئۆزگىرىۋاتقان

دوختۇرخانا ئىشىكى
كېسەلدىن نەچچە ئاي قىينالغان ئادەمگە
كۆرۈنىدۇ گويا جەننەتتەك،
لېكىن ماڭا ئۇنداق تۇيۇلماس
ھەر قېتىم دوختۇرخانا ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتسەم
بىلىنەر ھەممە يېرىم
بىردىن كېسەلدەك،
يۈرىكىم ئۆكسۈپ تۆكەر ياش
گۇمانلىنىمەن
دوختۇرلارنىڭ ئاپئاق خالىتى
تەسلىم بايرىقىمۇ؟
ھازا لاتىسىمۇ؟
بۈگۈن يەنە مۇز چۈشىدىم،
ئايلىنىپ كەتكەنمىش مۇزغا يۈرىكىم.





## خوتۇن

يىلانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن خوتۇن،
نەشپۈت چېچىكى ئەمەسسەن يەنە،
پەقەت
بالىلىق فانتازىيەمدىكى بارسا كەلمەس يول
سەندە ئايان بولۇپ قالار بەزىدە.

ھەر قېتىم سەن ھەققىدە يوگۇرتسەم قەلەم،
شۇمۇپ كېتەر يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى
رەھىمسىز ئىلھام،
مەن خالىمىغان قۇرلار
ئۈزلۈكىدىن كېتەر تۇغۇلۇپ،
تالانتىمنى قەرزگە بوغۇپ،
خوتۇنۇم
چۈشىنىكسىز بىر ھايۋان ئورماندا ياتقان،
بەزىدە ئاھۇدۇر، بەزىدە
بوپ قالىدۇ يولۋاستىن يامان،
كەلمەكتىمەن ئورماندا
خوتۇنۇمغا قاراپ
مەنمۇ گويا بولۇپ بىر ھايۋان.

ھەي خوتۇن،
بىلىمەن گۇناھىڭ يوق
شېئىر يېزىپ تىللاپ يۈرگۈدەك،
لېكىن، چۈشەنمىدىم
ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئەڭ يامان
كۆرگەن نەرسىسىگىچە
تىللاپ تۇرىدىغان نەرسىكەن يۈرەك.







## ئۆزۈمگە تېز سىزما

ئۇ بىر تۈگمەن
ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ چۆرگىلەپ
مىڭ چاقىرىم ماڭدىم دەيدىغان.

ئۇ بىر قۇش
ھاۋادىن ئىزنى ئىزدەپ يۈرگەن.
ئۇ يەنە
بىر پارچە قەدىمىي رەسىمنىڭ
( تەبىئەت سىزغان )
بۇرجىكىدە تۇرغان سوراقتۇر
قادىلىپ ئۆز ئۆزىگە.
ئۇلۇغ ئەمەس، ئاددىيمۇ ئەمەس
ئېزىققان ئادەملەر نىشان ئىزدەپ
تۇرۇپ قالغان دوقمۇشتا ئوخشاش.

## يۈرۈڭقاش

بىر دەريا سەن بىلىق ئورنىدا،
قاينىمىڭدا ئۈزىدۇ يۈرەك.
قۇشلار، سەھەر،
ئىزدەيدۇ تىنماي
دولقۇنىڭدىن ئۆزىگە يۈرەك.
شامال، ناخشا ئەگىيدۇ سېنى،
لەۋلىرىڭگە يېزىپ ئىسمىنى.
ئاي ۋە يۇلتۇز مارايدۇ سېنى،
كېچىلەرنىڭ بولۇپ ئارمىنى.
تۇغۇلىسەن ئۆلسەڭ ئەگەردە،
يىلتىزلاردا بولۇپ سەن سۆيۈش.
چاك - چاك بولۇپ يېرىلغان لەۋگە،
ئاتا قىلىپ بەكمۇ تاتلىق چۈش.

بىر دەريا سەن گۈزەل، بەك گۈزەل،
ۋە قەلبىمدەك مۇڭلۇق يىغلاڭغۇ.
چىمەنلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ،
دەريالاردىن ئىزدىگەن سۆيگۈ.





## ئانام، باھار، مەن

قۇشلار كۈلەر، ئېچىلىدۇ گۈل،
كۆك ئاسمانىنىڭ تۆكۈلدى يېشى.
يەردىن ئاستا كەتتى يىراقلاپ،
مۇھەببەتنىڭ قېرى قۇياشى.

قۇشلار يىغلار، پۈرلىشىدۇ گۈل،
ئاھ، نېمە ھال ئاسمان قىزىدا.
ئانام كەتتى قۇياشنى قوغلاپ،
ئاق چېچەكلەر قالدى ئىزىدا.

قۇشلار جىمجىت، زېمىنمۇ گۈلسىز،
مەن زېمىندا قالدىم يېگانە.
ئەمدى باھار قايتىدۇ قاچان؟
قاچان قۇشلار باشلار ھېكايە.

## ھىجران

بەلكىم بىر كۈنى بۇ ئۈزۈن يوللار
بىردىنلا بىز ئۈچۈن قالار قىسقىراپ.
سەن ئۈياقتىن، مەن بۇياقتىن
تەشنا بېقىشىپ
كېتەرمىز بىر - بىرىمىزگە قوشۇلۇپ،
بىر جۈپ ئېقىن بوپ.
تومۇرۇمدا ئاقارسەن بەلكىم،
يۈرىكىمدە سوقارسەن يەنە.
مەنچۇ؟
ئاچچىقىڭغا تەم بولۇپ كىرىپ،
قېيدىشىڭدىن ئىزدەرمەن مەنە،
بەلكىم شۇ چاغ قالار ئايلىنىپ،
چىن سۆيگۈگە ھەتتاكى تەنە.

بەلكىم بىر كۈنى بۇ ئۈزۈن تۈننى
بىز بىر بولۇپ ئالارمىز كۈتۈپ.
يۇلتۇز بىزگە ئۇخلاشنى،
بىز يۇلتۇزغا سۆيۈشنى
ئۆگىتىپ.

بەلكىم بىر كۈنى
بىر تارىخقا ئايلىنار ھىجران.
تەنھالىقنىڭ ئاچچىق ئازابى،
كۆز ياش،
ئېتىقاد،
ئەقىدە قوشۇلۇپ
تۇغقان چېغى يېڭى بىر ئىنسان.





## شەنبە

كەلمىسىكەن دەيمەن ۋەلېكىن
ۋاقىتنىڭ ئادەمگە باقمىقى قىيىن.
قولىدا گۈلدەستە كېلىدۇ شەنبە
سېغىنىش
ياشىرىدۇ ئاڭلاپ ئۈنىنى .
قاقاھلار ھىجران.
ئازاب
خوجايىنغا ئايلىنار پۈتۈن.

بېكەتلەردە سەندىن دېرەك يوق،
ئاپتوبۇسلار قۇپقۇرۇق يەنە.
كۈتۈشلەردە يوق ھېچبىر مەنە،
مەنىسىزگە ئايلانغان ھەممە،
مەنىسىزگە ئايلانغان شەنبە.

تونۇماس شەھەر
زادى كىمكىن روشەنگۈل دېگەن؟
مەست بولۇشنى ئىستەيدۇ يۈرەك
خوشلاشماقچىدەك رېئاللىق بىلەن.
قىينار ئەمما ئەسلىمە
سانچىلىپ ئاڭا
بولۇپ گويا ئاق تىكەن.

## ... گە

بىكېرەكتۇر بەزىدە جېنىم،
سېنى جېنىم دەپ دېسەم جانان.
چۈنكى، مەندە
لەۋلىرىڭنىڭ قەترىسى ئۈچۈن
تەسەددۇقتۇر بولسىمۇ مىڭ جان.

سېنى تېنىم دەپ دېسەم بەزى،
بولاربولسىمۇ مىڭ تېنىم
بىر قەدىمىڭ ئۈچۈن پايانداز
بولۇشقا رازى.

بارلىقىم دەيمۇ،
دەيمۇ يۈرىكىم
يا جېنىمنىڭ رەڭدار چېچىكى.
ياق
بارلىقىسەن بارلىقىمنىڭ،
يۈرىكىسەن يۈرىكىمنىڭ،
مۇھەببەتكە بىر رەڭدار ئېتەك،
قۇچىقىمدا كۈلگەن كېلەچەك.





## تەنھالىق تەشۋىشلىرى

مەيلى ھېچكىم كەلمىسە يوقلاپ،
يوقلاپ تۇرار ۋاپادار چۈشۈم.
تاملار بىلەن سۆزلىشۋالار،
ھىجران بىلەن تىترەپ تۇرۇشۇم.

مەيلى دوستلار كەتسىمۇ تاشلاپ،
تاشلىمايدۇ بۇ دەردلىك جاھان.
ھېچكىم ھېچكىم ئۈچۈن دۇنيادا
دەرد تارتىشىپ بېرەلمەس ھامان.

مەيلى سەندىن كەلمىسىمۇ خەت،
كېلىپ تۇرار خىيالىڭ بىراق.
پاكلىنىدۇ تەبەسسۇمىڭدا،
خاتىرىلەر تۇغقان ئىشتىياق.



## دەردمەن بويتاق

ئوخشاپ قالغان ياتاققا يا سەن،
يا ياتىقىڭ ئوخشىغان ساڭا.
خىيالىڭدەك چېچىلغان ئۈستەل،
يۈرىكىڭدەك ياردار تاملار،
دېرىزەڭدە ئېگىلگەن دۇنيا.

تەييار چۆپقۇ ياخشى، بەك ياخشى،
كەلمىگەچكە ئايالنىڭ ھىدى،
ئېتىمايدۇ ئەمما ئۇ ئەسلا،
تاماق بولۇپ تىلىڭغا زادى.

خاتىرەڭدە سۆيگەن گۈزىلىڭ
شېئىر بولۇپ يۈرىدۇ پەقەت.
بولماس ئەمما ئۇنى يېگىلى،
بولالمايدۇ تاماق مۇھەببەت،
سائەتسىز قول.
يىغىلغان كىرلار،
قازانسىز ئائىلە
ئايلانماقتا ئاستا تارىخقا.





## تانسا

R- گە

ئارمانىمدۇر پەقەت سېنىڭلا
مەجنۇنلارچە تانسىغا تارتىش،
رىتىمىدا يۈرىكىمىزنىڭ
رېئاللىقتىن يىراقلاپ كېتىش.

بىكىرەك مۇزىكا،
سازچىلار يەنە.
سەن مېنىڭ سازىمسەن بۈيۈك، ئەڭ بۈيۈك.

مەن سېنىڭ ئاۋازىڭ
سۈكۈت ئىچىدىن ياڭرىغان ئۈنلۈك.
بىكىرەك رەڭگا رەڭ چىراغ نۇرلىرى،
بىكىرەك ئادەملەرنىڭ كۆرۈپ يۈرۈشى.
كۆزلىرىڭ ئەڭ ئېسىل چىراغتۇر ماڭا
يورۇتقان يۈرەكنى.
مەجنۇنلىقىمىز
بىر گۈزەل چۈشنىڭ ياخشى ئۆرۈلۈشى.
ئاۋاز،
رىتىم،
سۆيگۈمىزنىڭ سۈرىتى رەڭدار،
تەشنالىق تەرجىمان
تۇغقان باھار.

## قاراش

تەلەيلىكمەن بۇ شەھەردە
قارىغانغا پۇل ئالمىغاچقا.

يۈرىكىم چىمەنلەردە بارار يورغىلاپ،
ئىزلاردىن تۈيدۇرماي سۆيگۈ ئوغرىلاپ.
قالدۇ ئارقىدا كۈتۈشنىڭ چېكى
قالدۇ بېكەتلەر تەشۋىشتە ماراپ.

بەختتىن بەكمۇ يىراق بىر بەندە،
كۆڭۈللۈك ئىش يوق قاراشتىن باشقا.
كەمبەغەللىكى بىر كۆيگەن يۈلتۇز،
ھىجراننى چەكمەكتە ياش بىلەن تاشقا.





## بەخت

ئۇچقان قۇشلار كەتتى قاياققا؟

رەتمۇ رەت بىنالار قىسماقتا مېنى،
ھېچكىم قويمايدۇ چېھرىمگە قاراپ.
قولۇمدا تېلېفون يۈرۈيمەن لېكىن،
ئۇقتۇرالماي ساڭا گېپىمنى.
بارماق بولسام يېنىڭغا
كۆۋرۈكلەر كېلىپ توسار ئالدىمنى.
كوچىلاردا قالساق ئۇچرىشىپ،
تونۇماستىن كېتىسەن ئۆتۈپ.

ئاينىڭ ئون سەككىزى
مائاش بېرەر كۈن،
ئاينىڭ بىرىدە تۇرىمەن تېخى
قەستەن ئۇزارماقتا مېنىڭ ئۈچۈن تۈن.

## كۆنچى دەرياسى

نېمىشقىدۇر تونۇشسەن ماڭا،
بىر چاغلىرى
يۈرىكىمدىن ئېقىپ ئۆتكەندەك.
ئازابىمغا بولۇپ ئازابداش
كۆزلىرىمگە بېقىپ ئۆتكەندەك.

دەريا شارقىرايدۇ،
غەمكىن قارايمەن ساھىلدا ئاڭا.
بېلىقچى قۇشلار ئۇچۇپ يۈرەر خىيالىم بولۇپ،
كۈلۈمسىرەر يۈرىكىمدە
بىر قىز
چوڭ بولغان مۇشۇ دەريانىڭ كۆيىنى تىڭشاپ.

نېمىشقىدۇر تونۇش بۇ دەريا،
ئىككى تونۇش يۈرەكتەك گويا.
لەيلەپ يۈرەر دولقۇن ئىچىدە
ئاشىقلىقىم بولۇپ بىر دۇنيا.





## كۈز

ئالتۇن چاقلار كەتتى يورغىلاپ،
يېڭى گۈزەل مەنزىلگە قاراپ.

پەرىشتىلەر يالىڭاچلاندى،
شامال بىلەن چېچىنى تاراپ.

مۇزلىماقتا قۇچاقلىرىم،
قۇياش بەزەن قويىدۇ ماراپ.

قاچان يۇلتۇز توختار يىغلاشتىن؟
ئىزدىمەكتە يۈرىكىم جاۋاب.



## قۇرۇپ قالغان بىر بۇلاقنىڭ خاتىرىسىگە

بۇغىلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى
كۆكرىكىڭدىن ئۆچمىدى تېخى.
ئۇچقان قۇشلار سېنى بەلگە قىلىپ،
باشقا ياققا كۆچمىدى تېخى.

چۆللەرنىڭ چۈشىگە
شىلدىرلىشىڭ
كىرىپ قالىدۇ بەزەن.
ئىسمىڭنى جۆيلۈپ سالىدۇ توۋلاپ،
قوزىلار جۆيلۈپ
. . .
ئەمما سەن قۇرۇغان. . .







## كۈتۈش

كۆزۈم نۇرى ياسىغان يوللار،
مەھەللەڭگە تۇتاشتى بەلكىم.
باشلاپ كىردى سالام خەتلىرىم،
ئۆيۈڭگە قۇياشنى بەلكىم.
سەن چىقمايسەن ئەمما بىرەر رەت،
ئاخىرلاشتى مېۋىسىز باھار.
بىرەر ئىزمۇ چۈشمەي ئۈستىگە،
ئېرىپ كەتتى قىشتا ھەتتا قار.
سەن نەدە؟
خىيالىمنى باسماقتا گۇگۇم،
ئېزىتقۇلار ھەريانغا تاراپ.
كۆزۈم نۇرى ياسىغان يوللار،
ئۆتۈپ كەتتى مەھەللەڭدىنمۇ.
قايتتى ئاخىر يۈرەكسىز بولۇپ،
يۈرىكىمنى يوللارغا بېرىپ.

## باياۋان ــ 2

1

چاك ــ چاك يېرىلغان لېۋىڭ بىر كۈنى،
بىردىنلا تەمسىز بىلىنەر.
چەكسىزلىككە شۇڭغۇپ يۇلتۇزلار،
بوسۇغامدا توختايدۇ سەھەر.
شۇ چاغدا
تونۇمايمەن ھېچكىمنى،
ئۆتمۈشتىكى ئۆزۈمدىن بۆلەك.
قۇمغا تاشلاپ قويغان بېلىقتەك،
ئاجىز ــ ئاجىز تېپىرلار يۈرەك.

2

خاتىرەمنىڭ بەتلىرىدە،
ئۇچرىسا گەر ئۆچۈرۈلگەن قۇر.
مەن كۆمگەن سىرلار بۇ دەيمەن،
ئۆزۈمگە مەغرۇر.





3

ئوتتا يۇيۇندۇم،
پاتۇرغاندا گۇناھقا كۆز ياش.
كۆزۈڭگە چۆمۈلدۈم،
كۆتۈرۈلگەندە كۆكسۈڭدىن قۇياش.
بىچارە ئاشىقتۇر ئىسمىم،
تىكەنلەر چېچەكلىگەن يۈرىكىمدە...

4

ساقىنغان ھەي يۇلتۇز،
توزۇغان گۈل تېنى،
ئۆلۈمدىن ئىزدىدىڭ زادى نېمىنى؟
كەتتىڭمۇ ئەگىشىپ ياكى بىرىگە،
سۆيگۈنىڭ مەشئىلى چېقىلغان چېغى.
ئىزىڭدا بىر كەپتەر ئۈنلەيدۇ بوغۇق،
يۈرىكى ئېتىلىپ كەتكەچ بولۇپ ئوق.

5

قەلبىڭ چوڭقۇرىدا ياتارمەن يىغلاپ،
كۆزۈڭ خەنجىرىدە كۆكسۈمنى تىغلاپ.
ئۇسسۇزلۇقۇم،
ئۆلتۈرەر دەريالارنى زاكىسىدا.
بېلىق توقار كەچمىشىمدىن
يارىغا قول ياغلىق.
شۇ قولياغلىقتا قولۇم باغلاقلىق.

## قوي كۆز لىرىكىسى

قوي كۆزلەردە چىغىر يوللار بار،
بەزەن دەرياغا ئاپىرىپ
سۇغارماي ئەكېلەر ئاتلارنى،
گۈل بولۇپ كۆرۈنگىنى
يۈرەك بىغىدىن يامرىغان ئازاب.
سارائىلىقىنى
شېئىر قىلىپ تۇتار ئۇ ساڭا. . .
ئۆزى ئاددىي بىر دۇنيا
يۈرىكىدەك چىغىر يوللارنىڭ.







## تەنھالىق لىرىكىسى

تەنھادۇرمەن ، تەنھادۇر شۇنچە،
قوڭغۇراق ئۈنىدەك كارۋاندىن قالغان.
تەنھادۇرمەن، تەنھادۇر شۇنچە،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆكسىنى چالغان.
تەنھادۇرمەن، تەنھادۇر شۇنچە،
ئۆلۈم
گۈل تۇۋىدە ئۈنگەن بىر ئازغان.

تەنها
تاش لېۋىدىكى كۈلۈمسىرەش.



## ھىجران لىرىكىسى

باھارنى سۆيۈشۈم مۇمكىن،
تۈنۈگۈننىڭ باغرىنى تېشىپ.
ئاپتاپ سۇنۇپ يېتىشىم مۇمكىن،
قۇتلۇق مۇزلارغا،
ئۆڭكۈرلەرگە
مەجنۇنلارچە باغرىمنى يېقىپ.

قېنىپ، قېنىپ پۇرىشىم مۇمكىن،
مەن ئۈچۈن ئۈنمىگەن بولسىمۇ يالپۇز.
كۆتەر مۇمكىن مېنى يىراقتا،
ئۈمىد
كۆك ئاسماننىڭ،
خىيالنىڭ،
سايىسىدە ئولتۇرۇپ يالغۇز.

ئاشىق بولۇپ،
سۆيەلمەسمەن ئۆزۈمنى مۇمكىن.
تىتىلىدۇ لەۋلىرىم تىنماي،
سەن، سەن، پەقەت سەن ئۆزۈڭلا سەن،
ھىجرانىمدا كۈيلەيسەن لېكىن. . .





## چېقىن

1

ئازاب نېمە بىلمەيدىغانلار،
چۈشىنىدۇ قارىسا ماڭا.
سۆيۈش نېمە؟ ئۇھ تارتىش نېمە؟
سۆزلەپ بېرەر كۆزلىرىم ئاڭا.

2

ھاياتتىكى تەنھا ياپراقمەن،
خىيالىمنى كېزىدۇ باھار.
قەبرەمنى كۆرىمەن قىشنىڭ كۆزىدىن،
سۈپۈرگە،
شامال،
بىر يەردە مېنى كۈتۈپ ئولتۇرار.

3

دوست بولمىغان كېپىنەك بىلەن
چاقىرسىمۇ گۈللەر سەيلىگە.
كەلمىسىمۇ كۈتۈپ ياشىغان،
بەك سۆيۈملۈك گۈزەل دەپ ئەتە.

## باھار كېلىپ بارالمىدىم قەبرەڭگە

( ئانام ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقى بىلەن )

باھار كېلىپ بارالمىدىم قەبرەڭگە،
بىلكىم سەنمۇ باھار بولۇپ كۈلگەنسەن.
زوق بەرگىلى بۇ جاھاننىڭ ئىشىغا،
باغچىلاردا رەيھان بولۇپ ئۈنگەنسەن.

باھار كېلىپ بارالمىدىم قەبرەڭگە،
قويالمىدىم ئايىغىڭغا قېنىپ باش.
كۆزلىرىمدىن ئەگىز بولۇپ ئۇرغىدى،
سېغىنىشقا تولۇپ كەتكەن تۇزلۇق ياش.

باھار كېلىپ بارالمىدىم قەبرەڭگە،
ئېيتالمىدىم دەردلىرىمنى مۇڭ بىلەن.
ئۆز ئۆزۈمگە بەردىم پەقەت تەسەللى،
ئەسلىمىنى قىلىپ دىلغا بىر ۋەتەن.





## بۇ باھارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس

بۇ باھارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس،
يا قىشتىكى ئاخىرقى كېچە.
بۇ كۈن ئالەم بولۇپ قالدى مەست،
شاھزادىگە ئايلىنىپ زىدە.

جىگدىلەردە مۇزدەك تەبەسسۇم،
ئوينىمايدۇ قومۇشلار ئۇسسۇل.
قېتىپ قالغان كۆزلەردە گۇگۇم،
سايرىمايدۇ ئاھ ئۇرۇپ بۇلبۇل.

پەقەت يولدا بوزۇق ماشىنا،
ئۆزۈك ـ ئۆزۈك ياڭرايدۇ سىگنال.
چۈمۈلىلەر كېتىپ بارىدۇ،
ئۇۋىسىغا كۆتۈرۈپ سوئال.

پەقەت يورەك چۈش كۆرەر ئاچچىق،
تاپىنىنى تېشىپتۇ تىكەن.
ئۇخلاپ قاپتۇ تام تۈۋىدىلا،
ئۇرۇپ يۈرگەن ئاھلىرى بىلەن.

پەقەت شائىر بەكمۇ يىراقتا،
بىلمەس سۆيگەن گۈلى قەيەردە.
خىيالىدىن ئىزلەيدۇ ئۇنى،
كۆز يېشىغا بېرىپ كۆپ ۋەدە.

بۇ باھارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس،
يا قىشتىكى ئاخىرقى كېچە.
بۇ ھىجراندا قىينالغان نەپەس،
دىلبەر بولۇپ كۈلگەندە زىدە.

## دەرەخلەر شەرھى

كۆكلەپ كىرىمەن كارىۋىتىمىڭ تامان،
يوشۇرۇپ قويىمەن سايەم بىلەن
كېچەڭنى،
چۈشۈڭنى
سەن يوشۇرالمىغان.

ياپىرىقىم كۆكلەيدۇ خىيالىڭ بولۇپ،
يارىڭنىڭ لېۋىدەك شىرىنگە تولۇپ،
ئارام ئېلىپ ئۆتەر ئۇنىڭدا ھەسەل ھەرىسى
ھەسىلى ئوغرىلانغان.

كارىۋىتىڭغا چىقىمەن يەنە،
قۇچاقلايسەن يېرىلغان تېنىمنى،
سۆيىسەن قانماستىن سوغۇق لېۋىمنى،
ھېچقانداق بىر قىز بېرەلمەس ئەمما
ئۇنىڭدىكى لەززەتنى ماڭا.

دەرەخمەن
ھەسرىتىڭدىن كۆكلەپ چىقىدىغان.
قىشتا قەلبىمنى قارلاردا پاكلاپ،
كاچكۇللاردىن باھار يېتىلەپ چىقىدىغان.





## تاشلاردىن كۆكلەش

تاشلاردىن كۆكلەيدۇ بەزەن چېغى ئاي،
بىر ھەسرەت كۆن بولۇپ پاتقان چېغىدا.

تاشلاردىن كۆكلەيدۇ بەزى جاراھەت،
كېچىلەر كېتەلمىگەندە زېمىننى تاشلاپ.

تاشلاردىن كۆكلەيدۇ بەزىدە ئادەم،
تاش كۆزى سۆيگۈدىن بولغان چېغى نەم.



## ئاق سىپىل

( لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قەدىمىي شەھەر خارابىسى )

ئىسمىڭ يېمىشقا بولۇپ قالدى ئاق،
بەلكىم تېمىڭ
ئوغۇز سۈتىدە يۇغۇرۇلغاندۇ،
ياكى ئاپئاق بىر تاشدا
تۇغۇلغانسەن،
ياكى ئاق قۇشقاچلار ئۇۋۇسىدۇر سەن.
ئۇخلاپ ياتار قۇملۇقنىڭ چۈشى
سېنى يېپىنىپ.

ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىگە ئەگىشىپ،
تۈن كېچىدىكى قۇياشلارسىمان
كەلگىنىمدە يېنىڭغا
ئىگە بولدۇم توغراقلارنىڭ تەسەللىسىگە
ئوغۇز سۈتىدەك ئاق.

ئاقلىقنىڭ ھەققىدە خىيال سۈرىمەن،
ئاقلىقنىڭ قىلىدۇ ئىستەكلەرنى لال.
ئاقلىقنىڭ ھەققىدە قوشاق توقۇيمەن،
ئىلگىرى سەندە ياشىغان بولسا بوۋام،
ئەمدى سەندە ياشايدۇ خىيال.





## بەخت سازلىقى

قەلبىم قىز ئەگىزىگە ئۇرۇلۇپ تىرىلگەندە
كۆز قىستى ھايات.
دېدى ئۇ: بالا شائىر بولغۇچە
قىز لېۋىدىكى خال بولغان بولساڭ،
مۆزلىمىغان بولاتتىڭ قىش قۇياشىدەك.

ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكى
مېنى بىر ئۇزۇن قاراڭغۇ تونىلغا باشلاپ كىردى.
مەن شۇ يەردە كۆردۈم ئەپسۇستا
يىغلاۋاتقان قۇياشنى
قىز لېۋىگە خال بولالمىغان.

قاراڭغۇ تونىلنىڭ بىر ئۇچى
خەتنەمدە قارا پاختا كۆلى،
خەتنىلىكىمگە سۈرتۈلگەندە
قاراڭغۇ بوپ قالغان .
يەنە بىر ئۇچى
ياشلىقىمنىڭ كېچىلىرىنى دورىغان
كۆندۈزدۇر.

ئىككى ئەينەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا
سەپسالىمەن ئۆزۈمگە.
بىر ئەينەكتە ھەي نېمە ئىش بۇ
بىر يول
ئىز بەختىگە مۇيەسسەر بولمىغان،
يەنە بىر ئەينەكتە
بىر ئىز
يول بەختىگە مۇيەسسەر بولمىغان،
غەزەپ بىلەن سۈرەن سېلىپ كىرىپ كېلەر كۆزۈمگە،
گۇناھىم
ئىككى ئەينەككە تەڭ قارىغىنىم.

بازنىڭ ئەگىزىمەن
ئالمىلارنىڭ شېخىدىن ئاققان.
كۈندۈز يۇلتۇزىمەن!
قۇياش يەرشارىنى ئىزدەپ كەتكەندە
ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كۆكسۈمنى ياققان.
ھەي بۇ بەخت
مەن ساقلاۋاتقىلى قانچە ئۇزۇن بولدى چۈشەنمەس.
كەلمەسلىكىنىمۇ بىلەتتىم ئەسلى
ئۆزۈم تەمەخور
خۇددى بىرسىنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ
كەلمەيۋاتقان بەختتەك.





## ئوقۇغۇچىلىرىمغا

مەندىن ئارتۇق يالغانچىنى
سىلەردىن ئارتۇق كاززاپلار كېلىپ ئۇستاز دېمىگۈچە،
سىلەردەك ئەقىللىقنى
بىر دۆت كېلىپ
مۇھەببەت مۇشۇ دەپ
قامچا بىلەن ئۇرمىغۇچە،
مەندەك ئۇستازنى
بىر ساۋاتسىز كېلىپ
ئەي شاگىرتىم بولدى بەس دېمىگۈچە،
پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمىنى
بىر تويغا كۆتۈرۈپ بېرىپ
باغاق ھەققى تىزىملايدىغان يوغان ئادەمگە
بۇ ئەتىياز
كۆزدە پىشىدىغان ياڭاقنىڭ كىلو سانىنى
دەپ بەرمىگۈچە،
ئوتتۇز يىللىق خوتۇنغا
سەن تېخى قىز دەپ،
مەندەك ئاق كۆڭۈل ئېرىڭ بار دەپ
باشقا بىرسىنى تونۇشتۇرمىغۇچە،
كۆز تەگمىسۇن دەپ ئەتىرگۈللەرگە

ياقۇت هالقا سالمىغۇچە،
چۆللەرنىڭ جىمجىتلىقىنى
بازارغا ئاپىرىپ
بىر مومايغا
تۆت تۇخۇمغا ساتمىغۇچە،
گاچىلار پىر چەڭگى بولۇپ
قەبرىلەرگە كۆلۈمسىرىمىگۈچە،
قىرىق نەچچە يىل يۇيۇلمىغان كىر دۆۋىسىدىن
قاسماقلىقنىڭ سوپۇنى ئىشلىنىپ،
ئەپەندى ماركىلىق بولۇپ،
هەر بىر ئۆيگە كىرىپ
قىز تويلۇقتا ئالغان كىر ئالغۇنىڭ
چاقپىلىكىنى بۇزۇۋەتمىگۈچە،
هەي ئوقۇغۇچىلىرىم بىز
ئۈچرىشالمايمىز.





## نالەتنامە

هېچقايسى گېزىت مەن شېئىر خاتىرەمدە ئۆچۈرۈۋەتكەن قۇرلارنى ژانگوكنىڭ رەسىمىدىن ئېسىل دەپ مۇقاۋىسىغا بېسىپ،

مېنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىمدە ئىشلەپ كالپىندار
خاتىرىلىمەيدۇ يېڭى يىلنى.
ئۇلارنىڭ ئويىچە
شېئىرلىرىمنى قانچە تۈزەتسەم،
مىسرالارنى قانغا بويىسام،
ماۋزۇ كۆلۈمسىرىسە جالاپلارسىمان،
شېئىرىم شۇنچە ياخشى چىقارمىش،
هەي ئۇيغۇرچىلىق.

شېئىر خاتىرەمدە ئۆچۈرۈلگەن قۇرلار
پاكلىقىنى ساقلاپ ياتماقتا
رىۋايەتلەردىكى ئۆزىنى كۆرگىلى بولماي، ناخشىسىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان بۇلبۇلدەك.

## ئېچىرقاش بەدىلى

چاڭگامنى تىزماقتىمەن
بۇ باھار پەسلى
قۇش بولۇپ يېڭىلا ئۇچەكتىن چىققان؛
تىزماقتىمەن ئەسلىمىلەرنى
ئوت كۆزىدىن ئىزدەپ تېپىپ.

بۇ قىش بەك ئۇزۇن قىيامەت كەبى،
قىيىندى ئەۋرىشىم قولىدا مېنى،
سىلىدىم دەپ ئۇرۇپ مەڭزىمگە تەستەك،
سۆيدۇم دەپ لېۋىمدىن شۆراپ قېنىمنى.

مېنىڭ چاڭگام
سۆيگۈ مۇزېيىدىكى تەستەككە ئوخشايدۇ
سېغىنغاندا مەڭزىمگە تەگكەن.
مېنىڭ چاڭگام
قىش بەختىگە يالىڭاچلانغان تەن.





## سىياھ

ھەيرانمەن
مۇشۇ غەيرىي نەرسە بىلەن
كىرىپ يۈرگىنىمگە يۈرەكلەرگە،
خىيال كەبى.

قارا
سۆيگۈ شەربىتى ئىچكەن كېچىلەر كەبى.
سۇيۇق
مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدەك.
ئايرىلالمايمەن،
بىلىپ تۇرۇپ ئايرىلالمىغان
قۇللۇققا ئوخشاش.



## ئايال ـ 2

قۇياشتۇر
سۆيگۈ ئۇچۇن
قۇرت بولۇپ يۇرگەن ئۆمىلەپ.







## سۇكۇت

سۇكۇتىمىڭمۇ بار ئىكەن تىلى.

سۆزلەيدىكەن تىپتىنچ سۇنىڭ
تېگىدىكى قايىنامىلار كەبى.
سۆزلەيدىكەن قىلىچ بىسىنىڭ
بەكمۇ سوغۇق يالتىرىشىدەك.
سۆزلەيدىكەن بويتاقنىڭ تىنجىق
يۇرىكىدەك ئوتلۇق، ئەسەبى.

تاشلارنىڭ جىمجىتلىقىنى،
قېنى كىممۇ قىلار تەرجىمە؟
قاراپ ئۇنىڭ ئېغىر بەستىگە
كۆكرىكىمنىڭ سىرلىق قەدىھى
هاياجانغا تولدى لىققىدە.

بىر دېڭىزنىڭ يۇزىگە قاراپ،
كىممۇ بىلەر ئۇنىڭ تەكتىدە
قانداق سىرلار ياتار ساقلىنىپ.
قاراپ بېقىڭ چۇڭكى بەزىدە،
بىرەر گەپنى ئاڭلىماي قۇلاق،
بىر نەرسىنى كۆرمەي تورۇپ كۆز،
ئۇن ـ تىنسىزلا قالار ياشلىنىپ.

بەلكىم بورانىنىڭ جىمجىتلىقى بۇ،
بەلكىم بويتاقنىڭ تىتتىتلىقى بۇ.

## ئاغىنىلىرىم

بىر توپ سۇسىز بۇلۇت يۇرگەندەك لەيلەپ
قاغجىرىغان چۆلنىڭ ئۈستىدە.
بىر توپ لالما ئىت قىلغاندەك تاماشا
قاپقانغا چۈشكەن بۆرە ھالىنى،
ئىشىكىم چېكىلەر؛
تېلېفونۇم جىرىڭلار؛
ئېھ بىچارە بىر ئېغىز ئۆيۈم،
قىز كۆڭلىدەك ئاپئاق پەردىلەر.
خارلانغان مىللەتنىڭ ھالىدەك پالتۇك
ئىسقا تولۇپ بارىدۇ ئاستا.
ئالەمنىڭ غەيۋەتلىرى
تېشىپ چىقار بوينىدىن.

كەچ سائەت ئون ئىككىدە،
ھەممە ئادەم ئىككىنچى چۈشىنى باشلىغاندا،
غۇلاپ كەتكەن قورام تاش ئاستىدىكى
ئاجىز كوكاتتەك
تىن ئالار دىۋان،
ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالىمەن خاموش.





## ھەممە يەر دەسسەلگەن

تاڭ سەھەر يەنە تېلېفون جىرىڭلار،
ئىشىك چېكىلەر
يوق دەيمەن ئۆزۈمنى ئاخىر پارتلاپ.
مىشىلداش ئاڭلىنار ئىشىك سىرتىدىن،
ئۇھ تارتىش كىرىپ كېلەر توك سىمىدىن.
دەيمەن ئەستا.
ۋە لېكىن سىرتتا
كۆرۈنمەس ھېچنېمە
نەچچە كۈن سېغىنغان بارىمنىڭ
ئاياغ ئىزىدىن باشقا.



## قىز پەسلى – 1

1

پەسىللەرنىڭ ئەڭ نازۇك جايىدۇر،
دىل رىشتىسىدە ئۇلانغان.
چۈللەر چېچەكلىگەن مۇھەببەت رەڭلىك،
ئىشەنسەڭ كۆز سەتھىسىگە
كۆمۈلۈۋاتقان ئىزلارغا
يوشۇرۇنغاندۇر نەچچە مىڭ
ھەسرەتلىك يۈرەك.
كۆكلەپ چىقار ئەتىياز
كاككۇك گۈلى كەبى
دىل مەيلىنى ئۇۋلاپ بەھۇزۇر.

تۆكۈلۈۋاتقان ياپراقلارنى
ھىجران باياۋىنىدىكى يولۇچى دەپ چۈشەن.
قەلبى پەسىللەردىن يىراقلاپ كەتكەن ئەي ئۇۋچى
بۇمۇ بىر پەسىل
يۈرەكلەر يۈرەككە قىسماق بولىدىغان.





ئۈنلىمەكتە ھىجران دەرياسى
بەكمۇ قويۇق شېئىر تىلىدا.
بارلىق يۈرەكلەر كەتتى قۇشقا ئايلىنىپ
دېرىزە تۈۋىدە
كۆك ئاسمانغا بېقىپ مەنىلىك
تۇرۇپ قالغان قىزنىڭ دىلىدا.

2

قەلبىم باياۋان، قاغجىراق – قۇرۇق
يامغۇر تۆكەل پارچە بۇلۇت سايىسىمۇ يوق.
تېرىدىم شېئىرنى قىلىپ مەن ئۇرۇق،
كۆكلىرى تەنھالىق شۇنچىلىك قويۇق.
ئادەم ئاخىر چۈشەندىم ھاياتتا
بىر يىلتىز
كۆز يېشىغا چىلانغان
يۈرىكى
سۆيگۈ دېگەن ساداقىتىن
نىشانسىز ئېتىلىپ كەتكەن نادان ئوق.

3

يامغۇرى قىپقىزىل، خىيالى زەڭگەر،
بىر دۇنيادا يۈرگەن چېغىمدا
ئاڭلاندى قۇلاققا مۇڭداق بىر ئاۋاز:

ئاخىرلاشتى قىز پەسلى.
ھېچنېمە دېمىدىم، پەقەت ھېچنېمە،
قەلبىمنىڭ ئەڭ نازۇك سىرى ئالدىدا،
تىل دېگەن بەك ئاددىي نەرسە بەزىدە.
قويندۇم ئۈزۈمچە ئېغىر خورسىنىپ
دەل شۇ چاغدا
كۆكرىكىمدىن قانغا مىلەنگەن
قىپقىزىل بىر نەرسە
ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى يۇر قىلىپ.
شۇ چاغدا
ئاڭلاندى قۇلاققا يەنە مۇڭداق بىر ئاۋاز:
نەقەدەر مۇرەككەپ ئادەمنىڭ قەلبى.

4

ئاقۇش دالا ۋە يەنە شامال،
ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركىن قۇشلار.
ئۇلار زېمىنغا ھەقىقىي ئىگە،
مۇھەببەتكە يەنە شاھزادە.

5

تىنجىپ قالغان كۆل،
كۆمۈلگەن دولقۇن
ۋە قار ئاستىغا مۆكۈنگەن بىر ئىز.
ئىلھامى كەم شائىر قەلبىدە
ياساپ قويدى تەلۋە بىر دېڭىز.





شائىر دېدى: يۇرۇپ مەن سەرسان
ھىجران جۇلىدە نەچچە مىڭ ئەسىر،
قايتىپ كەلدىم ئاخىر ئۇۋۇمغە
ياسالغان قۇش پېيىدە ئەمەس،
قۇش خىيالىدا.



## كىرورەن گۈزەللىكى

تىرىلىپ قالىدۇ ئاخىر بىر كۈن،
كېلىدۇ مېنى ھەم ئۆيۈمگە يوقلاپ.
ھازىرقىدەك
كىرىۋالىدۇ
قەلبىمىمنىڭ ئۈچىغا ئەپلەپ.

چۈشلىرىنى بېرىمەن ئۆرۈپ،
گۈزەللىكى ئۆزىگە دۈشمەن.
شۇڭا
ياتالمىدى شېرىن ئۇيقۇدا
جىمجىتلىقنىڭ ۋەسلىنى قۇچۇپ.
خىياللاردا يۈرۈيدۇ ئۈچۈپ،
پەرىشتە بولۇپ.

تىرىلىپ قالىدۇ ئاخىر بىر كۈن،
سورايدۇ مەن كىم دەپ؟
سەن قۇمدىن تۇغۇلغان
بىز شۇنداق بىرىمىز جاۋاب،
ئەپلەپ ـ سەپلەپ.





## كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا

( ئانام ۋاپاتىنىڭ بەش يىللىقى بىلەن )

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
پوچتىكەشلەر قالدىمۇ ئۇخلاپ.
ئۆتمىدى يا سېغىنىشلىرىڭ،
يۈرىكىمنى چۈش بولۇپ يوقلاپ.

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
يىرىم يولدا قالدىمۇ توختاپ.
قارلىغاچلار ياساشقا ئۇۋا
يا كەتتىمۇ ئۇنى ئوغرىلاپ.

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
باھار بولۇپ كەتتىمۇ يېزىق.
ھەر بىر قۇردىن باشلىنىپ دەريا،
قۇچىقىدا يايراپ شاد بېلىق.

كۆرەلمىدىم خېتىڭنى ئانا،
تىزالمىدىم ئۇندىن گۈل ـ چېچەك.
ئەسلىمەڭنى ئوقۇدى ئەمما،
مۇھەببەتلىك خەت قىلىپ يۈرەك.

## ئازاب

يارىلاردىن سىرغىپ ئاققان قان،
يۈرىكىمگە بولدىمۇ ماكان.
سولغان گۈللەر بەرگىدە ھايات،
تالىشىدۇ مېنىڭ ئۈچۈن جان.

كىمدۇر بىرسى كېلىپ تېنىمنى،
تىلىم - تىلىم تىلسا ئاھ راھەت.
پۈچىلىسا يۈرەكنى قارغا،
تاراشلانسا ئاچچىق مۇھەببەت.

بىر قىز كېلىپ مەن تونۇمىغان،
يۈرىكىمنى كەتسە ھەم ئويۇپ.
ياشقا تولغان قارىچۇقلىرىمغا
رەنجىشنى يوشۇرۇپ قويۇپ.

ئازاب، ئازاب، نەقەدەر ئازاب،
ئاچچىق يەنە ساختا مالىمان.
نەۋرەنمەكتە يېشىم كۆكسىدە،
نازا، ئامان بولسۇن دەپ جاھان.





## خوتەن بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا

ھەر بىر ئىزدا بىر سۆيگۈ،
بولۇپ يانتاق چېچىكى
تۇرار ئېچىلىپ.
ھەر بېكەتتە بىر خوشلىشىش
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك
كەتكەن چېچىلىپ.
يۇلتۇز كۆزىدە
ئانامنىڭ چىرايى ساقلىنىپ ياتار.
يانتاق چېچىكىدە
دېيەلمىگەن دىل بايانلىرى
تۇردى ماراپ
مارىغاندەك باغلارنى باھار.

خوتەن
بالىلىقىنىڭ سۈزۈك ئەينىكى
كىندىك قېنىمدا ئالغان يۇيۇنۇپ،
ئانىلارنىڭ ئانىسى بولۇپ.
ئۈرۈمچى
ھەر بىر كوچىسى بىردىن ئەسلىمە
سۇس چىراغلار يېلىنجاپ تۇرغان.
يۈرىكىمدىن ئۆرتىنىشلەرنى
تىنماي
كۆز سەتھىگە تاشلايدۇ يۇنۇپ.
ھەر بىر ئىزدا بىردىن «مەن»
مۇھەببەتكە ئەسلا قانمىغان.
ھەر بېكەتتە بىردىن قىز
ياكى
يول چىرىغى
يېنىپ باقمىغان. . .

## خوتەن قاشتېشى

سەن ئارمانىمنىڭ سوزۇك ئۆۋىسى،
سۇ ئاستىدا جۇلالاپ تۇرغان.
سەن يۈرەكنىڭ ئالتۇن قۇبىسى،
سەھەر يېشىل تۇمان ئورىغان.

سەن كۆك دېڭىز ئالەمنىڭ يېشى،
كەڭ چۆللەرنى ئەيلىگەن چاك - چاك.
سەن ئاخىرقى تۇننىڭ قۇياشى،
ئارمانلاردىن ئاجرىغان چاۋاك.

سەن، سەن پەقەت سەن ئۆزۈڭلا سەن،
دەردلىك دىلنىڭ يوقالغان نېيى.
سەن سۆيۈشتىن تۇغۇلغان ۋەتەن،
سەن باھارنىڭ گۈزەل بىر ئېيى.





## بىدە

سېغىنىپ چىققانسەن بەلكىم مېنى،
بەلكىم باشقا بىر سىنى،
بەلكىم بىر تاڭ ناخشىسىنى،
ھەممىدىن بالدۇر.
لېكىن، ئاھ ئۇر قانچىلىك
نە ئامال مەندە
ئۆزمەسكە سېنىڭ يۇمران بېشىڭنى.
تۇۋا. . .
شۇنداق ئىكەن مۇھەببەت.



## قىز ۋە مەن

بەنىنىپ قالدى قىز ،
سېنىڭ مە  كىن قىياپىتىڭ ؛
ئاخشام مەن يۆلەنگەن دېرىزىگە
بوگۈن سېنىڭ يۆلىنىشلىرىڭ
گويا ساختىدەك .
چۈنكى ، مەنمۇ يۆلەنگەن شۇ دېرىزىگە ،
بىر قىز ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ساختا ،
سەن كەبى .







## ئۈستەل

ئۈستەلگە قويۇلدى ئۇزاقتىن - ئۇزاق ،
قانچىلاپ ياغىرىنى سىغىندۇرغان باش .
مەنىسىز تاغلارنىڭ باغرىغا قوياش ،
ئۇن - تىنسىز بېشىنى تىققاندەك قوياش .

ئاھ ئەمدى بەختىلىك شۇ ياغاچ ئۈستەل ،
تىترىسە ھېچكىممۇ قىلمايدۇ ئەجەب .
ۋە لېكىن ئۇ ئەبەد جانسىز مەخلۇق دەپ ،
يۈرىكىم ئازابلىق قويىدى ئېسەدەپ .

ئويۇمدا شۇ ئادەم ، شۇ ياغاچ ئۈستەل ،
بىر دەقىق كۆز يۇمماي چىققىتىم بۇ كېچە .
باغلاردا باھارنىڭ ھال رەڭ چېچەكى .
قىپقالدى كۆزۈمدە تۆكۈلگىنىچە .

## روبىنزون كىروزۇ

قىزىق ئىكەن تەقدىرنىڭ كېسىم قىلار قايچىسى،
ئەبەدىيلىك تەنھالىق نېسىپ بولغان ئارالغا.
كېسىلگەندە ئادەملەر يۈرىكىنىڭ پارچىسى،
ئازاب بىلەن جۈپلەشتى كۈي بەرگىلى شامالغا.

ئادەم مەنسۇپ ئارالغا، ئارال مەنسۇپ ئادەمگە،
ئۆزگىچە بىر قاراشنىڭ يوقتۇر بۇندا يىلتىزى.
ئەبەدىيلىك سۈكۈنات يۈز ئۆرىدى ئالەمگە،
قۇش بويىنىغا چۈشكەندە تۈنجى قېتىم ئوق ئىزى.







## ئوۋۇچى

سەن ئەسلا ماڭمىغان چولڭ كوچىلاردىن،
ئىزسىز جاڭگاللاردا سايەڭ نامايان.
تىڭشايدۇ توشقاننىڭ ماڭار يوللىرى،
دەردىڭنى ئەيلىسەڭ ئالەمگە بايان.
ئوقدانغا ئوق ئەمەس سېلىنغان ئۆلۈم،
كېزىسەن ھەريانىنى ئەزرائىل بولۇپ.
باغرى يۇمشاق بوپ قالغىنىڭ ئەمەس،
ئاھۇلار قولۇڭدىن قالسا قۇتۇلۇپ.
سەن تۇتقان يول شۇنداق قىزىق ۋە لېكىن،
نېسىۋەڭ بولىدۇ ھەمىشە پۈتۈن.
بىزچۇ؟ بۇلار ھامان ئۆلجىمىز نېسى،
خەق ئاچقان يوللاردا ماڭغانلىق ئۈچۈن.



## يۈرەك رىۋايىتى

سەممىمىي بولغىن دەپ تىلەيمەن بەزى،
ساختىلىق قاتمۇ قات قىلغاندا يارا.
ساختىراق بولغىن دەپ تىلەيمەن بەزى،
قىلمىغان چېغىدا سادىقلىق ۋاپا.
سۆي دەيمەن، بەزىدە ئۆچ دەيمەن يەنە،
بوقالسۇن نازۇكلۇق، قاڭسۇق ھاياتتا
ھاجىتى بارمۇ كۆپ تارتىشنىڭ جاپا؟

ھەر خىل بۇيرۇق، ھەر خىل تەمتىرەش،
ئاقىۋەت يۈرەكنى قىپ قويدى كېسەل.
ۋۇجۇدى ئايلاندى زەردابقا ، قانغا،
تىترەپ تۇرۇپ ئوقۇۋاچ غەزەل. . .







## باغلىنىش

ئاپئاق قىز باغلاشما مەن بىلەن قايتا،
غۇنچىدەك لېۋىڭنى ئۇتۇۋالغۇم يوق.
بولغانمەن بىر قىزنى بۇرۇندىن سۆيۈپ،
بىلسەڭ ھەر ئۇتلۇق لەۋلەرمۇ سوغۇق.
ئۇتۇۋالساڭغۇ،
بەدىلىگە
ئاپىرارمەن تانسىغا ھەتتا.
دەرەخلەرنىڭ شىۋىرلىشىغا،
مۇمكىن ئويناپ كېتەرمىز تانسا،
ئۇتۇلمىغان بىر نەرسە.
مېنىڭ ئازابلىق يۈرىكىم
ئارىمىزغا بولۇپ ئاق تىكەن
ئۇنىدۇ ئەمما.
بۇ يۈرەك
بىپىسەنتدۇر باغلىنىشلارغا. . .

ئاپئاق قىز باغلاشما مەن بىلەن قايتا،
غۇنچىدەك لېۋىڭنى ئۇتۇۋالغۇم يوق.
چۈشەنسەڭ ھاياتتا ئىشقىسىز سۆيگۈ،
ھەرقانداق يۈرەككە تېگەر بولۇپ ئوق.

## ئارمان ئالىمى

نى گۈزەل ئويلار بار ئىدى يۈرەكتە،
ياناتتى تومۇردا نى گۈزەل ئوتلار ؟
قەغەزگە چىچاپلا قالدىم مەن لېكىن،
قەغەزدە كۆكلىدى مەن كۈتكەن باھار . . .

قارىسام بەك كەڭرى كۆرۈنگەن ئالەم،
ماڭغاندا بىلىنىپ كەتتى بەكمۇ تار .
قاغىلار ناخشىسى ياڭرار بىسوراق،
بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى لېكىن بولۇپ خار .

راست سۆزلەر كەتكەنمۇ ئېيتىلىپ تۈگەپ،
ھەقىقەت تۇرىدۇ بۇلۇڭدا مۈگدەپ .
ئېشەكلەر ۋارقىرار داۋان ئاشتىم دەپ،
تۇرسىمۇ ئورنىدا تۇرماي چۆرگىلەپ .

كېلىدۇ بەزىدە يېنىمدىن سادا،
يېسەڭچۇ بۇرادەر نېنىڭنى سىڭگەن .
بۇ ئالەم مۇشۇنداق بولغان ئەزەلدىن،
ئېيتقىنا سىرىنى زادى كىم بىلگەن ؟

كۆزۈمدىن تۆكۈلەر ياش بولۇپ ئارمان،
ياش ئارا كۆرۈنەر گۈزەل بۇ جاھان .
ئۆزۈمگە قويىمەن ئۈن - تىنسىز سوئال،
بۇ جاھان نادانمۇ ۋە يا مەن نادان ؟





## قورچاق

بەكمۇ ئوخشار ئادەمگە لېكىن،
كالۋالارچە تۇرار ھىجىيىپ .
كۆزلىرىدە يوقتۇر ھېسسىيات،
خىيالىنى بولمايدۇ بىلىپ .
چىقماس تامچە ئادەمنىڭ قېنى،
بەدىنىنى ئۆتسەڭمۇ تىلىپ .
نېمە ئويلار لېكىن بۇ چوڭلار،
ئامراق ئۇنى بالىلىرىغا،
سوۋغات قىلىپ بېرىشكە ئېلىپ!
ئامراق ئۇنىڭغا ھەم بەزى قىزلار،
ھەمدەم خىيالارغا يۈرگەن بۆلۈنۈپ .



## مەنە

بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە ؟
ئۇيغا چۆكۈپ ئۆتكەنلەر بەك كۆپ.
تاپالماستىن ئېنىق بىر جاۋاب ،
كۆز ياش تۆكۈپ ئۆتكەنلەر بەك كۆپ.

ناماكىدىن ئىزدىگەنلەر بار ،
كۆكۈش ئىسقا قىلىپ تەئەججۇپ.
يۈرگەنلەر بار ئىچ پۇشىقى ۋە
ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ.

مەيخانىدىن ئىزدىگەنلەر بار ،
قورسا شاراب ۋىلىقلاپ كۆلۈپ.
مەست بولغاندا ئۆزىگە ئۆزى ،
ھايات نېمە يۈرگەن ئۆگىتىپ.

كوچىلاردىن ئىزدىگەنلەر بار ،
تويۇنغان دەپ سىرلارغا كوچا.
مۇھەببەتتىن ئىزدىگەنلەر بار ،
ئوخشايدۇ دەپ بىر لەۋگە دۇنيا.

بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە ؟
سورالمەندە ئۆزۈمدىن ئاخىر.
بولامدىكەن بەختكە ھېساب،
مېنىڭ ئۇچۇن بولۇش بىر شائىر؟ ! . . .





## قۇمنامە

1

دېڭىزغا ئوخشايمىش،
دولقۇن ئىمىش بارخانلار.
بېلىق ئىمىش
بىر چاغلىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر ئەلنىڭ
جۈيلۇشلىرى كېچىدە.

قەبرىلەرمىكىن دەيمەن بارخاننى ،
نامسىز قەھرىمانلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن.
جەسەتنىڭ يۈرىكىگە
سىرلىق قۇم يېزىقىنىڭ
ئارزۇلىرى پۈكۈلگەن.

ياق،  قەبرە ئەمەس بارخان،
گۇلخاندۇر ئۇ
تارىخ كېچىسىدە ياتقان چاراقلاپ.
كۆيۈپ بارار ئىچىدە
سۈكۈناتى قەدىمي شەھەرنىڭ.

سىرلىق قۇم يېزىقلىرى
(يۈرەك تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن
شېئىر چۆللۈكىدە بولدى مۇساپىر)
سىرلىق قۇم يېزىقلىرى!
ئىلاھ يازمىغان سىلەرنى چوقۇم.
يازغانمىكىن دەيمەن
يىقىلغان جەڭ ئېتىنىڭ كۆزىدىن

بالقىپ چىققان ئارمان ياشلىرى.

2

تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم،
سۇغىرىدۇ تەكلىماكاننى.
ياتار ئەمما تەكلىماكان
شىرە ئۇيقۇسىغا بۆلىنىپ.
غىدىقلار تارىم، يۇرۇڭقاش،
تەكلىماكان ياتار يەنە
سۈكۈتىنى بۇزماستىن.
كۆچەت تىكەر باغرىغا
دېھقىنىم
پەرۋا قىلماس تەكلىماكان.

ناخشىسى ئۇنىڭ جىمجىتلىق،
هاياتى ئۇنىڭ سۈكۈت. .







## تاش ۋەزنى

ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەسمەن هەم،
دېگەن سۆزگە:
«تاشنىڭ ۋەزنى ئېغىرلىقىدا»
تاشنىڭ ۋەزنى تۇرقىدا ئۇنىڭ
سوغۇققىنە تۇرغان پارقىراپ.
يەنە سۈكۈت،
ئەبەدىي سۈكۈت
ئېغىرلىقىنى تۇرار ئاشۇرۇپ،
ئۇ ئوخشايدۇ جىمجىت كۆڭۈلگە.
ئۇ ئوخشايدۇ
ئۇخلاپ قالغان بىر كۆلگە،
چولتوككىدە چۇشكەن تاشقا هەم.

نەقەدەر ئېغىر هە، نەقەدەر ۋەهشىي،
نەقەدەر سىرلىق هە، نەقەدەر تۇرغۇن
تاشتىكى ۋەزىن.

## تۇغۇلغان كۈنۈڭ

ئۈنسىز ئاققان سۈزۈك ئېقىندەك،
ئۆتۈپ كەتتى بۇ كۈنىمىز يەنە.
مۇبارەك دەپ پىچىرلاپ تۇرۇپ،
سالالمىدىم بوينۇڭغا گىرە.
سېنى ئىزدەپ خىيالدىن كۆزۈم،
تۇزلۇق ياشقا تولدى لىققىدە.

مەيۇس باقار يالىڭاچ دەرەخ،
ئايىغىمدا غىچىرلايدۇ قار.
غىچىرلايدۇ زەئىپ ۋە دەردلىك،
سورىغاندەك كەلمەمدۇ باھار؟
بولغۇم كەلدى سۈپسۈزۈك يامغۇر،
قاغجىرىغان چۆللەرگە ياغار.

خىيالىمدا ئىللىق بېقىشىڭ،
قولىقىمدا نەپىسىڭ ئوتلۇق.
سېغىنىشىڭ ئەجەبمۇ ئېغىر،
يۈرىكىمگە تېگەر بولۇپ ئوق.
قوچاقلىرىم لېكىن قۇپقۇرۇق،
ھۇۋۇلدايدۇ سوغۇق بىر بوشلۇق.





ئۈنسىز ئاققان سۈزۈك ئېقىندەك،
ئۆتۈپ كەتتى بۇ كۈنىمىز يەنە.
جىن سۆيگۈگە يوقكەن ئايرىلىش،
ھىجران ئەسلى ئەڭ ئۇلۇغ مەنە.
سۈيۈن بولۇپ ئۇلۇغ سېغىنىش،
يۇيۇپ قويدى قەلبىمنى پاكىز.
بايرىمىمدۇر تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
قەلبىمدىسەن، ئەمەسمەن يالغۇز.
سەن مەن ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەسلى،
مەن سەن ئۈچۈن تۇغۇلغان ھەمدە.
بۇلىقىمسەن ئۇماق بېغۇبار،
سېغىنىشلار كۆيگەن ئالەمدە...



## نازۇكۇم

كۆڭلۈك قىلدىن نازۇكتۇر نازۇك،
نازۇك يەنە گۈلنىڭ شېخىدىن.
نازۇك يەنە پاختا ئاستىدا
يېلىنجىغان چوغدىنمۇ ئارتۇق.

مەڭزىڭگە ساقىدى شەبنەم،
گۈلدىن گۈزەل بوپ قالدىڭ شۇئان.
خالىمايتتىڭ بۇ ھالنى لېكىن.
يۈرىكىڭدە دەردلەر سىققان،
كېزىپ يۈرەر ئاچچىق ئىزغىرىن.
سەن بىلىسەن، چۈنكى ياش بىلەن
كەلگەن گۈزەللىك
خۇشاللىقنىڭ ئالدىدا نېمە؟
سەن بىلىسەن
يەر ئاستىدا كۆشىسە يىلان.
نازۇكۇمسەن گۈلدىن نازۇك،
نازۇكۇمسەن جانان چىنىدەك.
لېكىن، قۇلدۇر بوران ئالدىڭدا،
ئۇ ئالدىڭدا بەلكىم بوران ئەمەس،
تىترەشلەرگە تولغان بىر يۈرەك.





## تۇغۇلغان يېزام

1

يېزىق بەلگىلىرىگە بولدى ئايلىنىپ،
يېزامدىكى ھەر گىياھ، ھەر گۈل.
قۇراشتۇرىمەن ئۇلارنى
خالىغان شەكىلدە،
بۇ مېنىڭ ئەمىكىم
تېپىۋالغان تەتۈر دۇنيادىن.

قىيسايغان ئۆيلەر
ئۆي ئەمەستۇر، گۈلدۇر ئېچىلغان.
ياپراقلىرى قاندىن ياسالغان،
بەرگى جاندىن ياسالغان.
قىيسىقلىقى
ئۆۋىسىدىن ئۇچالمىغان قۇش،
تۇغۇلالمىغان بىر ئارمان.

يوللىرىدا ئېقىپ بارىدۇ،
ھاياتلىقنىڭ يارقىن نۇرلىرى.
توپا ئەمەس تاپىنىمدىكى
ئەجدادىمنىڭ شېرىن چۈشىدۇر،
دەسسىلىۋېرىپ لايغا ئايلانغان.

2

ئانام ياتار توزلۇق سايدا، قەبرىستاندا
ئارمانىنىڭ گۈلىدۇرمەن مەن.
دادام يۈگەر ئاچچىق تاماكا،
قەلبىدىكى ھەسرىتى بىلەن.

ئانام تۇتقان ئۆي،
ئاستا ـ ئاستا بارماقتا ئۆچۈپ.
باشقا خوتۇن ئالدى دادامىز،
لېكىن، مېنىڭ باشقا ئانام يوق.
ئايالىم دەردتە
كۆرەلمەستىن
مەندەك ئوغۇلنى تۇغقان ئايالنى.
بالىلىرىمغا
كەمپۈت ئېلىپ بېرەر ئەمدى باشقا ئايالار.

3

بالىلىقتىكى ئاغىنىلىرىم
كەتمەن بىلەن ئاغىنە ھازىر.
مەن ئاغىنە قەلىمىم بىلەن،
رەسسام ئۇلار كەتمىنى بىلەن،
يالىتىدۇ زېمىنگە بوياق.





چېچەكلىگەن كەبى ئارزۇسى،
ھاياجانغا تولار بالىدەك.
ئۆزى تەرگەن يېشىل مايسىدىن
تارىغاندا چۈچۈمەل پۇراق.
مەن سىزىمەن قەلىمىم بىلەن،
ئۇلار سىزىدۇ كەتمىنى بىلەن،
بالىلىقتىكى خىياللىرىمنى،
بالىلىقتىكى خىياللىرىنى.
ئوخشاش ئارمان ئىككى ئارىدا،
كۆك ئاسمانغا تارتىدۇ پىلەك.
ئاھ، شۇ يەردە قالار ئۇچرىشىپ،
بالىلىقتىكى شۇ گۆدەك يۈرەك.



## ئۇيغۇر

ئوغۇزخان كېلىۋاتىدۇ؟
ياق! ياق!
ئاددىي ئۇيغۇر ئۇ ئۆي ئالالمىغان،
شەھەر كوچىسىدا ھايات ئۇچۇن يۈرگەن سەرسانە.
ئاستىدا ئېتى يوق
ئالتۇن تۇياقلىق.
ئۇستىدە پادىچىلار كىيىمى،
ئەمەس پولات قۇياقلىق.
قولىدا قىلىچ ئەمەس
سىقىمدىۋالغان
جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالاش ھەققىدىكى ئېلاننى.

ياق! ياق!
كېلىۋاتىدۇ كوچىدا
بىر ئۇيغۇر
ئوغۇزخاننىڭ بىر تامچە قېنى.
كەلگۈسىگە قاراپ دومىلاپ،
توپىغا مىلەنگەن
سارغايغان ھالدا.





## ئۆتمۈش

ئالالمىسا بەزىدە ئادەم
ئالدىدىكى بۈگۈنىدىن زوق.
بۇ جاھاندا بولماسمىش ئاڭا،
بىرەرمۇ ئىش ئۆتمۈشتىن ئۇلۇغ.

ئۆتمۈش گەرچە بولسىمۇ گۈزەل،
كۆلدۈر، پەقەت ئۆچۈپ قالغان كۆل.
ئالالمايدۇ ئەسلا ھارارەت،
توڭلىغاندا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل.

مەيلى سەھەر بولسىمۇ سوغۇق،
شەپەقىلا كۆز تىككىن يۈرەك.
تولغاي جاھان ئىسسىقتا نۇرغا،
قۇياش ئاچسا گۈل كەبى پورەك.

ئۆتمۈش ـ ئۆتمۈش، بەك يىراق ئۆتمۈش،
بارغانسېرى بارار يىراقلاپ.
گۈلخان كۈتۈپ تەلمۈرگەنلەرنى
كۆللەر بىلەن قويۇپ مازاقلاپ.

## قىز پەسلى ـ 2

چېچەك ئاچقان ئالمىلار ئاپئاق يەنە ناۋات رەڭ،
ئەگىزلەردىن دولقۇنلار كەتكەن يەنە ئويغىنىپ.
مەجنۇنتاللار تۈرىدۇ تويغا ماڭغان قىز كەبى،
تېقىمىدا چاچلىرى يىلان كەبى تولغىنىپ.
چىمەنلەردە قىيغۇنچۇق كېلەر گويا قوزىدەك،
ئېقىپ كىرەر كۆزۈڭگە تاغنىڭ باغرى ئوت بولۇپ.







## ئۈرۈمچى كېچىسى

مەجنۇنتال شاخلىرى تەۋرىنىدۇ سۇس،
دىلىڭغا سېھرىي تۇيغۇلار بېرىپ.
سىمونت يول ياڭرىتار رىتىملىق ئاهاڭ،
خىلۋەتلەر سۇر ئىچرە ياتار يېپىلىپ.

خىلۋەتلەر سۇر ئىچرە يۇلتۇزسىز كېچە،
شەھرىن ھېس ئىلكىدە ئىڭرايدۇ جاھان.
ئاستىلاپ ماڭماقتا تارتىنچاق يىگىت،
كېچىلەر بولسۇن دەپ ئۇزۇن ۋە ئامان.



## بىر قىزغا

ئۆلگىنىمدە تۆكمە يېشىڭنى،
تامدۇرمىغىن لەۋلىرىمگە سۇ.
مۇسىبەتتە ئەگمە بېشىڭنى،
تۇتۇلمىسۇن گۈلدەك يۈزۈڭمۇ.

چىقىپ مىسكىن تۇپراق بېشىمغا،
كۆي كۈيلىگىن ئاداققى بىر رەت.
يېزىپ قويغىن قەبرە تېشىمغا،
ئىشقىم ئۈچۈن ئۆلگەن دەپ پەقەت.







## يانۋار

بۇ ئۈزۈن كوچىلار سوغۇق بەك سوغۇق،
يورەكتىن ئۆزگە قابىتار ئۆيۈم يوق.
پەرۋاسىز ئۆزگىلەر تونۇلمىغىنىمغا،
بىر قىز
ئاندىر سىنىنىڭ چۆچىكىدىكى
سەرەڭگە سېتىۋاتقان
يىغلاپتۇ، دېدى
كۆرۈپ ئونلەۋاتقان كۆزۈمنى بوغۇق.

لېكىن، گۇناھ يوق سىنىمدە يانۋار،
لېكىن، گۇناھ يوق سىنىمدە ئاسمان.
مەن يىغلىدىم يۈرەككە قايتالمىغانغا،
مەن يىغلىدىم
قىزلار ئۈچۈن قىش كۈنى
بولالمىغانغا ئوتلۇق بىر ئارمان.
بۇ ئۈزۈن كوچىلار سوغۇق، بەك سوغۇق.
مەن ئۈچۈن ھېچ ئىشىك ئەمەس ھەم ئوچۇق.
دېدىم تەقدىرنىڭ ستۈۋلىغا قاراپ:
مېنى بىر قەلبى نازۇك ئادەم قىلغۇچە،
ئېتىمۇەتسەڭ بولمامدۇ قىلىپ بىر پاي ئوق.

## ئوقۇتقۇچى

بىر چۆچەك توقۇلماقتا،
بەكمۇ سۇنئىي، بەكمۇ چاكىنا.

چۆچەكتە
بالىسىنى ئالدايدۇ دادا،
دادىسىنى ئالدايدۇ بالا.
ئالدىنىشقا تولغان بۇ دۇنيا.

رېئاللىق
قوغى ئوچۇق ئۆچكىدۇر،
ئەمما، بەكمۇ بەختىيار ئۆچكە،
چۈنكى، ئۇ چۈشەنمەس،
قوغى ئوچۇقلۇقنىڭ مەنىسى نېمە؟
ئوقۇتقۇچىمەن
دەۋر ياساپ قويغان ھاڭ،
ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىسمىم ئوتتۇرىسىغا.





## لياڭشەن كۆلى

(«سۇ بويىدا» رومانىنى ئوقۇپ)

ئۆزۈمنىڭ كۆلى ئىكەنسەن، لېكىن
مەندىن بۇرۇن بارىلىپ قالغان.
يېگۇم بار ئىدى مېنىڭمۇ گۆشنى كىملولاپ،
ئىچكۇم بار ئىدى كومزەكلەپ مەينى.
لېكىن، كىچىك ئاشقازىنىم،
يەتمەس سەندىكى پالۋانلارغا.
مۇسۇلمانمەن
مەي ئىچكۇچە تۇتىمەن روزا.

ئۆزۈمنىڭ كۆلى ئىكەنسەن، لېكىن
مەندىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان.
مەن تۇرغان بۇ دۇنيادا ھەي،
سەن تۇرماق،
يوق سەندىكىدەك بىرمۇ پالۋان.
يېگۈزگۇم كېلەر ھەر دائىم
بىر رومكا ئىچمەي مەست بولىدىغان
ھاراقكەشلىرىمىزگە
تۈپرىقىڭدىن ياساپ مەن تالقان.

ئۆزۈمنىڭ كۆلى ئىكەنسەن، لېكىن
ئىزىقىشتا ئۇچرىشالمىغان.
ئۆزۈمنىڭ كۆلى ئىكەنسەن، لېكىن
كېتىپ قالغان
دىلكىشىڭگە چۆل بويىدىكى
تاشلاپ بېرىپ مەڭگۈلۈك ھىجران.

## خوتەنلىك ئادەم

ھەي خوتەنلىك
ئېزىققانلىقىڭدىن سېنى خۇدا،
دەريا ئاستىدا قاشتېشى قىلماي،
داغسىز، غۇبارسىز،
دەردسىز، ئەلەمسىز
قىلىپ قويدى ئادەم
ھەسرەتلىرى يۇرۇڭقاشقا ئەگەشكەن.

ئۆزۈڭگە قاشتېشى كېرەك ئەمەستەك،
يىراقلارغا ساتتىڭ سەن ئۇنى.
جازالىدى شۇڭا خۇدا،
جازالىغاندەك
چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەندە ئادەم ۋە ھاۋا.

بوران بولۇپ ئاختۇرۇپ كۆردۈم،
ئۇخلاپ ياتار جىمجىت ئاقسېپىل.
سامپۇلدىكى قەبرىستاندا
ئۇخلاپ ياتقان ئاتلاردەك
كۆكرىكىدە يا ئوقى.

خوتەنلىك ئادەم
تۇققىنىمسەن،
بەلكىم ئۆزۈمسەن،
ئاتقان قاشتېشىڭمەن يىراقلارغا،
ئېزىققاندا ئىزدەپ تاپقىلى.





## يۇرۇڭقاش تەزكىرىسى

سەن دېڭىزغا باقمىغان ئېقىپ،
ھەم كۆلمىگەن دېڭىز ئىچىدە.
دولقۇنلارغا كۆڭسۆكنى يېقىپ،
ئۇدۇمۇڭ شۇ قۇملۇقلارغا
بەكمۇ ئۇنسىز كېتىسەن سىڭىپ.

قۇچىقىڭدا ئۆزمەيدۇ كېمە،
گۈللەر لەيلەپ قالىدۇ پەقەت،
بېلىق بولۇپ ئۈزەر قاشتېشى،
بېلىق بولۇپ ئويىنار مۇھەببەت.

سۆيگۈنۈڭ شۇ قەبرەڭ يەنە ھەم،
قۇملار بىلەن پۈركەلگەن ماكان.
سىرلار بىلەن تولغان تەكلىماكان،
تىرىلىسەن ئەمما باھاردا،
چۆللەر بېرەر ساڭا قايتا جان.
سۆيۈشىسەن كۆك ئاسمان بىلەن،
توغراقلاردا بولۇپ سەن ياپراق.
چېچەكلەيدۇ ئۈمىدىڭ كەبى،
قىزىل يۇلغۇن يەنە كۆك يانتاق.

سەن دېڭىزنى قىلمايسەن ئارمان،
قۇملۇق ساڭا مەڭگۈلۈك ماكان.
دېڭىز ئۆلسە تىرىلمەس ھەرگىز،
سەن تىرىلىپ تۇرىسەن ھامان.

## مىراس

تۇغۇلمىغان ئوغلۇم ساڭا ئېيتسام،
ساڭا ئارتۇق نەرسەم قالمايدۇ
خىيالىمدىن بۆلەك.
يەر قالدۇرالمىساممۇ،
ئاياغ قالدۇرىمەن
دەسسەپ تۇرغان يەرنىڭ ئۈستىگە.
بۆشۈك ياسىمىدىم ساڭا ئاتاپ،
چىغىرلارنى باشلاپ قويدۇم
دېرىزەڭگە ئەمما. . .
بىز شۇنداق ئۆتىدىغان ئوخشايمىز دۇنيادىن
مودىلارغا ئەگىشىپ،
بالىلارنى ئەركىلىتىش ئورنىغا
باھار بالىغا تۇغقان تاللار پوستىدىن
بالىغا تەنبىھ قىلىش ئۈچۈن قامچا تىلەپ. . .





## دېرىزىدىن دېرىزىلەرگە

بۇ سوغۇق شەھەردە قىسسا بىنالار،
ۋۇجۇد گۈلشەنىدە جېنىمنى ئېزىپ.
دېرىزىدىن كۆرۈنگەن شۇ دېرىزىلەرگە
بىردە ۋۇجۇدسىز،
خىيال كەبى يالىڭاچ
كەتكۈم كېلىدۇ قېچىپ.

توڭلاتسا خىيالىمنى ناتونۇش قىزلار
كۆكرىكىدە تۆكۈلگەن ئىلھام.
توڭلاتسا لېۋىمنى خىيالسىز ئاسمان
مەي ئەمەس قاچىلاپ يىراقلىق،
يۇلتۇزۇمنى قىلىپ جام
كەيپ بولۇشنى ئىستىسەم،
ۋۇجۇد گۈلشىنىمدە ئويغىنارمۇ شۇ چاغ،
باھار شەپىسى؟!
دېرىزىدىن دېرىزىلەرگە
تۇغۇپ قويدى يالىڭاچلىق مەنە.

## ئاپتور

ۋۇجۇدىنى چاپىدۇ بىرسى
رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆز پىچىقىدا.
كىملەرگىدۇر تىنىم تاپماستىن
يۈرىكىنى قىلىدۇ قىيما...
پرومېتېي دەر ئۆزىنى،
كۈلۈپ كېتەر ئاققان قېنىدا.
ئەتراپ بويالسا بولۇپ قىپقىزىل،
كۈلۈپ كېتەر
گۈلدىن رەڭ تالاشقىنىغا
ئازابى بىلەن...







## ۋەتەن ـ 1

1

ۋەتەن دېگەن زادى ئۇ نېمە ؟

ۋەتەن
بىر كوزا ئوتمۇ
مۇز ئۈستىدە يېلىنجاپ تۇرغان ؟
ۋەتەن باغلاردا
قوزىلارنىڭ ئاياغ ئىزىدۇر.
كېچە
يەپ كەتتى قوزا!
چۈشىنىڭ ئۇچىنى
كەپسىز بالا يوشۇرۇپ قويغان.

2

ئاپتوبۇستىن ئادەملەر ئەمەس،
كۆكۈش ئىسلار تۆكۈلدى ئاستا.
ئۈپراپ كەتكەن ناھاللار،
تاماكىنىڭ كۆيەندىلىرى
ئىزدەپ كەتتى ۋەتەننى، ئىزدەپ
بۇندىن يىراق، يىراق بىر جايغا. . .

3

ۋەتەن
قۇلىقىنى تەشتۇرگەن بىر قىز،
هالقا قىلىش ئۈچۈن
هويلىسىنىڭ تىكەنلىرىنى.
ۋەتەن
كاتاڭلارغا تاشلانغان خىيال،
ئوتتۇنچى،
ئۇخلاپ ماڭغان ئات
ئەسنىگەندە ئەتىنى چۈشەپ.







## يۈرەك

كېچىلەردە
كۆيمەس مېنىڭ يۈرىكىم.
سەھەردە
ئۇخلاپ قالار گۈل تۈۋىدە.
چۈش
مۈگدىشىدۇ كۆك ئاسمان بىلەن.
نامازشام
ياشلار بىلەن كېتەر يۈيۈلۈپ.
ئەتە
ئۇ باهارغا بولمايدۇ ئۈلپەت.
ئۆگۈن
چوكانتالدىن ياسىۋالار ئات
تۈنۈگۈنكى خىيالى ئۈچۈن.

باهار
غەم يېمەسمەن، غېمىم يوق زىنهار.
كۈز
تۆكۈلمەن يوپۇرماق بولۇپ،
كۈلۈشلەرنىڭ بىنەم يېرىگە.
قىش
باشلىرىمغا قونغان ئاپئاق قار،
ئىڭىكىگە
هايات دېگەن بوۋاينىڭ
ئارمان بولۇپ قالدى يېزىلىپ.

## لۆكچەكسىز زامان

بۆرە يوق جاڭگال جاڭگال ئەمەس ئۇ،
شىر، يولۋاسسىز
يوق هايۋانلار پادىشاھلىقى.
بۇلبۇلسىز باغلار قەبرىستان،
گۇلسىز چىمەن نەدە؟
ئەڭ بىچارە يارسىز ئاشىق.
شىر، يولۋاسسىز،
مايمۇنلارغا ئەسىر بولار قاپلان.
كۆنلەر بەكمۇ ئۆتەر شىلىمشىق،
لۆكچەكسىزلىككە ئايلانسا زامان.

لۆكچەكسىز زامان،
قورۇتلار لۆكچەك بولۇۋالغان.
لۆكچەك بولۇۋالغان قاغا، سېغىزخان.
قارىغايلار يىقىلىدۇ پولاتتەك تۇرۇپ،
بىر يۇمشاق قورۇت ئالدىدا.
پالۋانلار جان بېرەر،
مەزلۇمغا ئايلىنار،
قىلىچ ئالدىدا ئەمەس
ئادەملەرنىڭ سۆيۈپ قاچقان قەلبى ئالدىدا.

كۆنلەر نەقەدەر ئاستا ئۆتمەكتە،
مەنىسىز نەرسە تۆتامسىز شۆنداق.





يۈرەك بىر پارچە گۆش،
ياق!
ئۇ بىر تاشتۇر،
زەخمىلەنمەسلىك ئۈچۈن
بولۇۋالغان يۇمىلاق،
قاتتىق بولۇۋالغان
باغرىدىكى تىترەشلەرنى
سەزمەسلىك ئۈچۈن.

ماشىنا ئىچىدە قورۇتلار،
لېفىتلاردا ئۆرلىمەكتە يۇقىرىغا
توخولار،
بوركۆت قەپەستە،
ئۇ قەپەستە باغلانغان،
قاناتلىرى داغلانغان،
كەڭرى ئاسمانغا
مۆڭلانغانچە تۇرىدۇ قاراپ.
بۇلبۇلسىز باغلار قەبرىستان،
ئاشىق قەلبى يارسىز باياۋان.
شىر، يولۋاسسىز
يوق هايۋانلار پادىشاھلىقى.
كۆنلەر نەقەدەر ئاستا ئۆتمەكتە،
بىر پاشا پىچىرلىدى يەنە بىرىگە:
لۆكچەكسىز زامان.

## يالىڭاچلىق

ئەڭ ئېسىل كىيىملەر، قات ـ قات بىنالار،
گىلەملەر، سافالار،
ئورمانلار،
ۋە يەنە ھەر خىل رەڭ،
كۆلكە ـ يىغا
ۋۇجۇدۇمنى تۇرار يوشۇرۇپ،
بىر كۆز باردۇر لېكىن يىراقتا.
تۇسقۇنسىز ئالدىمغا كېلىدۇ بۆسۇپ.
تۇرىدۇ روھىمنىڭ يولىنى توسۇپ.

ئۇنۇۋان ۋە ھەر خىل پەلسەپە فورمىلالىرى
ئارقىلىق ئۇرۇنىمەن تېخىمۇ چىڭ يوشۇرۇنۇشقا.
بىر كۆز باردۇر لېكىن يىراقتا.
فورمىلالارنى تىنماي قىلىدۇ بەربات،
بىر سۇزۇك ئەينەككە ئايلىنار ھايات.
ئوخشاپ قالىمەن بىر بېلىققا،
بېلىقداندا يۇرگەن پىلتىڭلاپ.
دەيمەن نەقەدەر غەيرىي بۇ ئىنسان،
تىنماستىن ئۆزىگە ياسايدۇ زىندان.
ئۇرۇنار ئۆزىنى ئوراشقا قات ـ قات،
كىمنىڭدۇر كۆزىدىن قويماقتا پىنھان.

تەقدىرنىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ،
گۇلخاننىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ.
دېڭىزنىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ،
شېئىرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ يەنە.





## ئىدىيە

ئاۋۋال سالدى پەلتوسىنى
كېيىن... كېيىن
بولدى ئاخىر يالىڭاچ.
لېكىن، قىز ئەمەس ئىدى ئۇ،
لېكىن، كۆز ئەمەس ئىدى ئۇ،
بىردىن ئالەمگە بولدى ھۆكۈمران
پۈخادىن چىققان ئاشىقتەك تۈيغۇ.

بولدى ئاخىر يالىڭاچ.
تۆگىدى ھاياتى،
تۆگىدى يەنە
قىز بالىدەك سىرلىقلىقى ھەم.

## قاتلىلىق

تۈنۈگۈننىڭ قاتلىمى بۈگۈن،
كۈندۈزنىڭ قاتلىمىدۇر تۈن.
ئۆزىنىڭ قاتلىمىدۇر شېئىر
يۈرىكىنى
ھەممە يەردە يۈرگەن بوغۇزلاپ.







## خەت يازمىدىم

خەت يازمىدىم قوشاقلار قېتىپ،
لەۋلىرىڭنى گۈلگە ئوخشىتىپ.
ئارىمىزدا ئېغىر سۈكۈنات،
قىش پەسلىدەك تۇردى يېپىلىپ.

مۇھەببەتنىڭ گۇۋاھىمۇ خەت؟
يۈرەكلىرىم سۆزلەيدۇ ياق، ياق!
جىمجىتلىقنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدا،
كۆكلەيدىكەن گۈل كەبى پىراق.

خەت يازمىدىم قوشاقلار قېتىپ،
ئالدىڭدا يار مۇز كەبى قېتىپ.
مۇز ئاستىدا لېكىن بېلىقلار،
بىر دەريانى بولدى لېيىتىپ.

## داۋاملىق ياشاش

تىرىكمەن بۇگۈنمۇ، شۈكرى ئەي خۇدا،
باغرىمنى ئەزسىمۇ بۇ قارا ھىجران.
دەردىمنى سۆزلەيمەن ئۆز تىلىم بىلەن،
تاشلارغا،
دەرەخلەرگە،
يولغا، چىراغقا.
سۆيگۈمنى چاچىمەن ياز يامغۇرىدەك،
تاشلارغا،
دەرەخلەرگە،
ھەممە نەرسىگە.
بۇ شەھەر يۇيۇلماقتا ھازىر،
ئاسماننىڭ كۆز يېشى بىلەن.
مەڭزىمدە ئۇچراشتى چىقسام تالاغا،
ئىككى خىل كۆز ياش،
ئۇنىسىز گىنە قالدى قارىشىپ،
ئارقىدىن يەنە،
دېگەن كەبى ئوخشايدىكەن تەمىمىز،
ئازاب بىلەن كەتتى ئايرىلىشىپ.
چىراغلار پىچىرلار،
شەھەرنىڭ كۆزى مەن دەپ،
يوللار يامىشار ئاياغلىرىمغا،
شەھەرنىڭ ھىجرانلىق سۆزى مەن دەپ،
تاشلايمەن ئۆزۈمنى شەھەر قوينىغا
بىر ئاچچىق چۈش كەبى
يارسىز يېگانە.
تىرىكمەن بۇگۈنمۇ شۈكرى ئەي خۇدا،
يارىمدىن بولغان بولسامۇ جۇدا.





## سىياھ ۋە قان

1

بىرى قارا، بىرى قىزىل،
بىرى ئاقار قەغەزدە.
بىرى ئاقار يۈرەكتە،
لېكىن، ئوخشاش كۆيدۈرەر يېرى.

2

قەغەزدە ئۆركەشلىگەندە دەريالار لېكىن،
بارماقنىمۇ قىلالمايدۇ ھۆل.
بېرەلمەيدۇ ئەبەدىي پۇراق،
قەغەزدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل.

خەق مېنى شائىر دەپ ئاتاپ يۈرگەندە،
قەغەزلىرىم سىياھ گۈلگە توشقان چېغىدا.
ئىختىيارسىز ئەسكە ئالدىم،
كىچىكىمدە
ئېرىق بويىدا
دەسسەپ ئۆتكەن ھەقىقىي گۈللەرنى.

## ئىنسانىنىڭ يەنە بىر تەرىپى

شەنبە ۋە يەكشەنبە
يۇردۇم شۇنچە سەرسان ۋە ۋەيران.
ئاياللارنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرىدا،
بويسۇنماي ئۆزۈمگە.
يورغىلاپ يۈرگەن كۆزۈمگە
بولۇپ مەن ھەيران.
ئىنسان ئاجايىپ نەرسە،
ئۆزىنىڭ بولمىسىمۇ،
ئۆزىنىڭ بولماسلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ،
ئۈمىد قىلار
ئۆزگىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى.
كاۋا پىلىكىدەك
باراڭ ئاتلاپ يۈرەر،
بوي سوزار قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە.





## يۇرتۇم

دېڭىزدا
بىر كىچىك قولۋاقتا ئۇخلايدۇ بالا،
چۈشلىرىدە ئۇنىڭغا
ئەركىلەيدۇ بىر كەڭرى دالا.
لېكىن، ئۇ بارالمايدۇ دالا قوينىغا،
تىرىشىپ تىرمىشىپ
كېتەر ئاخىر ئويغىنىپ.
بالىلىق كۆز ياشلىرى دېڭىزغا
تامچىلاپ تېمىپ.

## توختام سۇ

ئاقالماس تاشلارغا باغرىنى ئۇرۇپ،
ئىشقىدىن قىرغاققا سۆزلەپ ھېكايە.
ئۇنتۇلغان بىر يولدەك ئادەمسىز چۆلدە
چىڭقىلىپ ساداسىز تۇرار يېگانە.

ئۇ گويا بويتاقنىڭ دىمىققان كۆكسى،
قىزلارنىڭ نەزىرى كەلمىگەچ يوقلاپ.
ئۇ گويا بىر تال ئوق ئوۋغا يارىماس،
مىلتىقنىڭ ئالدىدا تۇرغان دۇدۇقلاپ.

كۈتىدۇ، بىر چالما چۈشەر تاسادىپ،
باغرىنى ئۆتىدۇ تىترەكلەر تىلىپ.
ئويغىنار شۇ چاغدا بەلكىم مۆلۈلدەپ،
يەنە بىر چۈشسە دەپ قايتىلاپ تىلەپ.

ئاقالماس، نەقەدەر بەختسىزدۇر ئۇ،
مۇمكىنمۇ ئاقمىسا ئۇنى دېيىش سۇ.
كۈتىدۇ بىر چالما زارلاپ، تەلمۈرۈپ،
ئاھ، ئۇنىڭ جىمىكى ھاياتى ئاشۇ.





## بۇ دۇنيا

بىر كۆزىدە باشلىنىپ دەريا
سۇغىرىدۇ گۈل ئېتىزىنى،
بىر قولىدا تۇتۇپ قىڭراق
كېسەر يەنە گۈل يىلتىزىنى.

بىر كۆزىدە ئۇچقۇندار بەخت،
بىر كۆزىدە لىغىلدايدۇ ياش،
گوياكى بىر سەۋدايى ئوخشاش
ئاڭا قاراپ كۈلىدۇ قۇياش.
ھەي دۇنيا. . .



## نوتا

كىمدۇر بىرسى چالماقتا مېنى،
ئاستا ـ ئاستا كەتمەكتە ئېقىپ
مۇزىكا بوپ
يۈرىكىمنىڭ يالقۇنلۇق قېنى،
كىمكىنە سازچى ؟
جاۋاب بېرىشنى خالىماس شامال،
كايىيدۇ قۇشقاچلار دەپ:
لازىم ئەمەس سوئالغا سوئال.

تۈگىدى بىر چاغدا ئاخىر؛ مۇزىكا،
ئېقىشتىن توختىدى شۇ هامان دەريا.
قېنى سازچى،
قۇشقاچلار، شامال ؟
پەقەت
دەپتەر بېتىدىن ئالىقانچىلىك يەر
قەبرەم بولۇپ تەگدى ماڭا. . .
باشقا يەردىن ئاڭلاندى ئەمما،
... يەنە مۇزىكا.





## دەريا مەنتىقىسى

قارماق قىلىپ
چۆچىكىمنى سالدىم دەرياغا
يەم ئورنىدا ئىلدۇرۇپ يۈرەك.
بېلىقلار
ئۆزلۈكىدىن ئىلىندى كېلىپ،
سېۋەتىمدە
هەم سورىدى مەندىن
داۋامى قېنى ؟

قارماق قىلىپ
چۆچىكىمنى سالدىم دەرياغا
يەم ئورنىدا ئىلدۇرۇپ يۈرەك.
بىر چاغ
يىغدىم يىپنى،
قارمىقىم قېنى ؟
بىردىن دەريا باشلىدى چۆچەك.

## مۇزلىغان كېچە

يارنىڭ سۆزلىرى مۇزلىغان كېچە،
مۇزلىدى ئاسمانمۇ، مۇزلىدى يەرمۇ،
يارنىڭ كۆزلىرى مۇزلىغان كېچە،
مۇزلىدى ھەتتاكى تاڭمۇ، سەھەرمۇ.

ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقالمىدى قۇش،
ئانىسىنىڭ يېنىغا،
ئويغاقلىق دېگەن
ۋاقتىدا قايتالمىدى چۈش،
ھىجران دېگەننى يازدى تىنىقلار
سوغۇق دالىغا يىقىلىپ بىھوش.

نەيچىنىڭ لېۋىدە مۇزلاپ قالدى نەي،
مۇزلاش دېگەننى تۇرۇپ چۈشەنمەي،
يۇلتۇزلار ئاقتى ئۆيىگە، ئەمما،
ئۆزگە بىر كۆرۈنۈشنى ئېلىپ
قوندى گۈللەرنىڭ بەرگىگە كۆز ياش
توڭلىغان كېچىنىڭ يۇلتۇزى بولۇپ.





## مەن يازمىغان شېئىر

ھەر ھەرىپى بىر دانە يۈرەك،
ھەر بىر قۇرى بىر ئۇزۇن تارىخ.
ھەر چېكىتى ئاھ بىردىن چېچەك،
ھەر بىر ئۇندەش گوياكى بىر بىخ. . .

قويۇلمايدۇ ماۋزۇسى ئەمما،
يېزىلمايدۇ ئاخىرى يەنە.
بالىلىقى تۇرىدۇ كۈلۈپ،
مەڭگۈلۈككە قىلىپ تەنتەنە.

ئوقار ئۇنى پەقەت سوئاللار،
ئاقار يۇلتۇز چاچقان يورۇقتا.
ئۆلسە قالار ئۇنىڭ ئۆلۈكى،
يۇلتۇزلارغا تولغان ئۇپۇقتا.

## ئۆزۈم ھەققىدە

ۋاراقلانسا ھايات بەتلىرى،
بىرى ئۇندا ئۆلۈپ ياتىدۇ.
چىڭ يۇمۇلغان جەسەت كۆزىدە،
ئېھ، ئارمانلار كۆلۈپ ياتىدۇ.







## سەھرادىكى بىر كەچكە سىزما

رەڭلەنمەكتە ئۇپۇق قاپقارا،
ئورمانلىقمۇ چۆكتى گۇگۇمغا.
شېئىر تىنىپ ياتىدۇ گۈلزار،
جۈپ - جۈپ ئىزنى كەشتىلەپ قۇمغا.

تۈنۈگۈنكى تونۇش سىياقلار،
قېنى بۈگۈن؟ تىمتاس ھەممە ياق.
خىلۋەت رۇجەك سايىدىن خالىي،
تۆكۈپ تۇرار سارغۇچ نۇر چىراغ.



## دوقمۇش

شۇ دوقمۇشتىن تارالغان مېنى
تۇغۇلدى دەپ يېڭى بىر خەۋەر.
يەنە ئۇندا كېزىپ يۈرۈيدۇ،
ئۆلۈم خەۋىرىم.

ئېسىت
ۋاپاسىز دوقمۇش،
هاياسىز دوقمۇش.







## مەۋجۇتلۇق - 2

سېنى ئۆلدى دەيدىغۇ يالغان!
سېنى كۈلدى دەيدىغۇ يالغان.
قايسى ئاخشام چۈشتىكى خىلۋەت،
ۋەسلىڭ ماڭا بولغانتى ئايان.

ئىشەن جېنىم، ئىشەنگىن چوقۇم،
يۈرىكىمدە ئامانسەن ئامان.
بىغۇبار سەن، شەبنەمدەك تازا،
ئۆزگىلەرنىڭ سۆيگىنى يالغان.

يۈرىكىمدە سەنلا بار پەقەت،
يۈرىكىمدە ياشايسەن ئەبەد.



## سۈلياۋ گۈل

بەلكىم تەلەيسىزلىكىمدۇر،
ۋاقتى كەلسە سولالمىغىنىمنىڭ.

دېرىزەمدە سۈلياۋ گۈل
تۇرار ئېچىلىپ،
راست گۈلدىن قىلچە پەرقلەنمەي.
لېكىن،
ھېچكىم ئاڭا قىلمايدۇ پەرۋىش،
كار قىلالماس ئاڭا سوغۇق، قىش...
ئاستا ـ ئاستا چىقىدۇ ئەستىن،
كېتەر ئۇنتۇلۇپ،
يۈرەك سېغىنار بىر چاغدا
سولىدىغان ھەقىقىي گۈللەرنى...





## كۆز

(تۇيۇق مىڭ ئۆيلىرىدىكى كۆزى ئويۇۋېتىلگەن
رەسىملەر خاتىرىسىگە)

بەلكىم ئۇ كۆز بىر يۇلتۇز بولغان،
نۇرى
تۈن كۆكسىنى ئۆتكەن تىلىپ.
ھۇۋقۇش، شەپەرەڭ،
قارالمىغان ئاڭا تىك بېقىپ
بىز كەبى.
بەلكىم ئۇ كۆز بىر قىز بولغان،
ھۆسنى قىلغاچ تاڭنى شەرمەندە.
چۆللەر،
قاقاسلار
ئايىغىغا يىقىلغان ئۇنىڭ
بولۇپ پەيۋەندە
بىز كەبى.
بەلكىم ئۇ كۆز بىر ئىز بولغان،
شامالLARنى، ئاي، يىللارنى
قىلغىلى مازاق.
قويۇش ئۈچۈن ھىجران كۆكسىنى
قۇرۇق، ئاق
ھېچكىم ئۇنى ئۆچۈرەلمىگەن،
ئەسلىمىدىن كۆچۈرەلمىگەن
بىز كەبى.

## چاڭقاش كومېدىيىسى

### 1 . دەريا

قۇرۇپ قالدى بارچە دەريالار ،
سۇ ئىچكىلى كەلگەن چېغىمدا.
سۆزلەپ بەردى دەردىنى بېلىق،
ئاچچىق - چۇچۇك كۆي قىلىپ ماڭا.
ئۇسسۇزلۇقۇم ئۇنتۇلدى ئۇنىسىز ،
كۆز ياش ئىچىپ ياندىمەن ئەمما.

### 2 . چۆل

تۇغۇلىمەن
كامىرىدا توشقاننىڭ.
ئېچىلىمەن
يانتاق چېچىكى بولۇپ،
ناخشا توۋلايمەن
چۆل رەڭگىدە.
ئۆلىمەن،
توغراق ياپرىقى بولۇپ،
ئەمما، ئۇنىسىز بىر كۆي
بوغۇزۇمدا تۇرار بوغۇنۇقۇپ.





### 3 . مەن

ئەينەكلەرنى چاققىن بەربىر ،
تاپالمايسەن سەن ئۇنى ئىزدەپ.
ئۇخلىماقتا سەبىي بالىدەك،
كاچكۇللاردا بولۇپ ئۇ ئازاب.

دېڭىزلارنى كەزگىن بەربىر ،
تاپالمايسەن سەن ئۇنى ئىزدەپ.
يۈرەر خىياللار
تەشنالىقنىڭ داللىرىدا
ئالۋۇن بولۇپ ئۇتى يېنىلەپ.

### 4 . مەن بىلمىگەن بىر جايدا

ئېچىلغاندۇر مەن ئۈچۈن بىر گۈل
چىرايلىق ھەم خۇشپۇراق بولۇپ،
قاندۇرغىلى تەشنالىقىمنى
ياتقاندۇر كۆللەر
ئاپىھاياتقا تولۇپ،
ياسانغاندۇر قىزلار
مېنى كېلەر دەپ
پىشقاندۇر ئالما.

مېنى ئۈزەر دەپ.

ئەمما، يۈرىمەن بۈندا،
يوقلۇقنىڭ شائىرى بولۇپ،
يوقلۇقتىن يوقلۇققا تۇغۇلۇپ.

## 5. خاتىمە

تەشنالىقتا ئۆلسەم مەن ئەگەر
دەريالارنىڭ گۇناھى ئەمەس،
رومكىلارنىڭ گۇناھى ئەمەس.
ئىچىپ، ئىچىپ بولۇپ قالسام مەست
ئازابلارنى مەي قىلىپ ئىچتىم،
تاشلار تۆككەن چىغى چاڭقاپ ياش...





## چېچەكسىز باھار

يازاي دېدىم تارىخىمنى تاشلارغا،
ئېرىشتىمەن بۈندا ئەمما ياشلارغا.
ئانامنىڭ ئۆلۈمى
ئۈندەش بولۇپ تەشنى يۈرەكنى،
يوللارغا
بىر سوراق بوپ قويۇلدۇم.
گۆدەك ئىدىم،
ئۆلتۈردى ئالدىنىش،
ھىجران كۆزىدىن
بالا بولۇپ قايتا تۇغۇلدۇم،
تارىخىمنى يازدىم ئاخىر
تاشقا ئەمەس، تاش يۈرەكلەرگە.



## ماۋزۇسىز

ئۇچقان قۇشنىڭ بارمۇ ئازابى ؟
بار ،
ئاڭا بەنە يېڭى كۆك كېرەك .
دەريالارنىڭ بارمۇ ئازابى ؟
بار ،
چىمەنلەردىن تىلەيدۇ يۇرەك .
ناخشىلارنىڭ بارمۇ ئازابى ؟
بار ،
سۆكۈتتىن ئايرىلىپ قىلدى بەك خاتا .
شائىرلارنىڭ بارمۇ ئازابى ؟
بار ،
قىينىلىدۇ ئۇچرىسا شېئىر
ئىزدەپ يۈرگەن چېغىدا
دەريا . . .





## بىر يېزىنىڭ ئارزۇسى

چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىدىن خالىي بىر يېزا ،
يېتىپ كېلىدۇ سەھەر ،
ئاق چاچ ئانا جەينامازدا
باشلىغان چېغىدا دۇئا .
تۇز ھارۋىسىنىڭ جىرىڭلاشلىرى
ئېتىزلارنىڭ چۈشىنى بۇزار .
ئاق چاچ ئانا قىلىدۇ دۇئا ،
دەپ :
ئامان بولسۇن ئوغلۇم ،
ئامان بولسۇن ئادەملەر ،
ئامان بولسۇن پۈتكۈل دۇنيا .



## يىراقلىق

ئۆيۈمدىن يىراقمەن، ياردىن يىراقمەن،
ھىجران تاشلىغان چۆلگە ئاپىرىپ.
يىراقمەن ھەممىدىن، پۈتكۈل ئالەمدىن،
تۈن تېنى تۇرسىمۇ دائىم ئاقىرىپ.

يىراقمەن ئادەملەر ئارىسىدا
ئادەملەرنىڭ قەلبىگە ئەمما.
يىراقمەن قىزلار ئارىسىدا تۇرۇپمۇ،
قىزنى چۈشەنمەي،
مەن ئۇچۇن قىز قەلبى گويا مۇئەمما.

مېنىڭ ئۆيۈمدا
ئۇنچە ئوڭاي تۆكۈلمەيدۇ ياش،
يۈرەك تىغسىز تىلىنسا ياكى.
يىرتىلسا سۆيگۈ مەكتۇبى،
تۆكىلىدۇ ياش.
مەن كۆردۈم،
يىغلايدىكەن قىز
كۆزىنى ئاچسىمۇ،
كۆزىنى يۇمسىمۇ.
بىلەلمىدىم قايسى يالغان، راست؟

يىراقمەن ئەڭ يىراق يۇلتۇزلار كەبى،
يىراقمەن بىر دىلدا ئۇنتۇلغان سۆزدەك.
يىراقمەن يارنىڭ قوينىدا تۇرۇپ
يەنىلا ياش تۆككەن يىغلاڭغۇ كۆزدەك.





## قىش كېچىسى

دېرىزە توڭلىغان، خىيال توڭلىغان،
سۇلياۋ گۈل ئېچىلغان پورەكلەپ لېكىن.
غىرىبلىق توڭلىغان، خىيال توڭلىغان،
ئۆيۈمنى، خىيالنى كېزەر ئىزغىرىن.

قانمىغان تەشنالىق قىنايدۇ ئاچچىق،
سەزگۈلەر تۇۋلىغان، لېۋىم توڭلىغان.
ئۆيۈمدە،
كىتاب دۆۋىسى ئالدىدا
ئولتۇرار بىرەيلەن.
قەغەز يۈزىدە يالتىرار توڭلاپ قالغان قان.
سۆزلەيدىغان سائەت
پەقەت
ۋاقىتنىڭ توڭلىمىغانلىقىدىن بېرەر بېشارەت.
بەش بولدى دەيدۇ،
لېكىن مېنىڭ
ۋاقىت ھېسابلاشقا رايىم قالمىغان.
ئادەملەر،
ھەممىسى گۇناھقا تولغان.
كىتابلار
ھەممىسىدىن تۆكۈلەر يالغان.
راستتۇر پەقەت قىش كېچىسى.
راستتۇر پەقەت سائەت،
سوغۇقنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان.

## هالاكەت

ئاپئاق قارا قارايدى ئاستا ۋە ئاستا،
تاشلاندى پاشىنىلىق ئاياغلار ئاڭا.
يەر تېگىدىن
كۆز ياشلار چىقتى ئېقىپ.
زېمىندىن
كۆڭلى ئاغرىپ يىراقلىغان قۇياش،
ئاداۋەتسىز گۆدەك بالىدەك
كەلدى ئورنىغا يېنىپ.

ئەنە ياز بولىدىكەن، دېدى بىر بالا،
بوگۈن نۇرسىمۇ فېۋرال ئېيىدا.
گېپىڭ توغرا، دېدىمەن ئاڭا،
قەلبىمنىڭ جىمجىتلىقىدا.





## دەريادىكى ئەتىرگۈل

ئۆركىشىدە زەڭگەر ئېقىننىڭ،
لەيلەپ يۈرەر بىر تال ئەتىرگۈل.
چاقىرىدۇ قايناملار ئۇنى،
سۆيۈۋالاي مەڭزىڭگە دەپ.
چاقىرىدۇ شامالار يەنە،
كۆكلەمنىڭ گۈزەل چۈشىنى تىلەپ.

ئەمما، ئەتىرگۈل بىلمەيدۇ ئۆزى
ئاھ، كىملەرنىڭ شېرىن غايىسى.
كىملەر ئۈچۈن تۆرەلدى يەرگە،
كىملەر بولدى ئۇنىڭ ئانىسى.
پەقەت كىمدۇر ئۈزدى ئۇنى،
دەريا ئۆركەش ياسىغان كۈنى.

## ھاياتقا قارىغۇنىڭ كۆزىدە قاراش

ئاق رەڭلەر، ئاق دالا،
كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە قارا.
بىر چېچەككە ئوخشايدۇ گويا،
كۆكسۈمدىكى يىرىڭلىق يارا.

بىر قىلىچمەن كېسىپ توختايمەن،
سۇدىن ئۆتۈپ لايغا بارغاندا.
بىر ئاشىقمەن سۆيۈپ توختايمەن،
ئېچىلدۇرغاندا ئانار گۈلى
مەڭزىمدە تەستەك.

يىگىرمە بەش ياش،
بىر ئۆمۈرنىڭ يېرىمى دېمەك،
لېكىن ئۆزۈمگە دەيمەن بالىمەن،
بۇ ھاياتتا تېخى مەن گۆدەك.





## ياز ئەتىگىنى

ھېچ يەردىن كەلمىدى بىرەر سۈزۈك خەۋەر،
تايىغى چىقماس ئۇرۇش ئىچىدە
يەنە كامبودژا.
گېزىت خەۋىرىدىن قارىغاندا
مۇھىم ئىشى يوق جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ
پاختىدىن باشقا.

خەۋەر يوق ئۆسكەن مائاش ھەققىدە،
لاتقىلىق بىر كۆلگە ئوخشايدۇ كۆڭۈل.
بىر چىۋىن ئۇچۇپ ئۆتتى ئاستا ئالدىمدىن
ۋە لېكىن بەك خۇشال، بەكمۇ بىپەرۋا.

چىۋىن بۈگۈن دۇنيانىڭ خوجىسىمۇ يا؟
ياق دەيدۇ پالاق.
بىر دېھقان شېرىن ئۇخلاۋاتقان
بالىسىغا قاراپ
ۋارقىرىدى: تور، چاپسانراق.

بۈگۈن باشقا ئىش يوق،
چىۋىنغا ئايلىنىمەن ھەممە ئويغۇردەك.
ئەتىگەن ئاخىرلىشار يەنە بىپەرۋا،
چاڭلارغا كۆمۈلۈپ بارىدۇ يۈرەك.

## ئەنجۈر

ئەنجۈر، ئەنجۈر مېۋىلەر شاھى،
سىمۇولىنىڭ مەشۇقى يەنە.
ئەنجۈر دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
غىدىقلىنىپ شۆلگەيلەر،
سۇغا تولدى بىر ئەزىم دەريا.

ئەنجۈرنى قىياس قىلدىم،
بالاغەت پەيتىنىڭ سىرلىق قۇياشى دەپ.
ئەنجۈرنى ئوخشاتتىم،
ئاشىقلىق دەرىخىنىڭ تۆكۈلگەن يېشىغا.

ئەنجۈر چۈشەپ يۈرگەن بىر يىگىت،
شەھەر ئېلىۋاتقان جەڭچىدۇر گويا.
سىمۇول
قىز بالىدەك يالىڭاچلانغان بىر كۈنى
ئەنجۈر ئىشقىدا تەۋرىدى قەلەم،
ئەنجۈر ئىشقىدا تىترىدى دۇنيا.





## قۇرۇغان يالپۇز خاتىرىسى

تۈگىمىدى پۇرىقى تېخى،
ئېرىلىپ يۈرەر ئېچىنمەيدۇر سىنىپاي.
بالقىرايدۇ قىرولار ئاپئاق.
كۈتۈۋاتقاندەك
كىمنىدۇر، كىمنى،
كېچىدە
جۈيلۈپ چېقتى يالپۇز چېچىكى
كاچكۇلالاردىن سوزۇپ ئۆزىنى.
بۈگۈن
ئىككى سائەت دەرس يوق كۈن،
خاتىرەمنىڭ قېتىدىن
ئاختۇردۇم ئۇنى،
تاپتىم ئەمما.
ياش يۇقى كۆزى
تاشلاپ قويىدى
قايتا خىيال ئىچىگە مېنى.

قۇرۇپ كەتكەن يالپۇز
چېچەكلىرى توزۇپ كەتكەن،
يوقالمىغان پۇرىقى ئەمما.

## يېگانە ئادەم

1

بەلكىم يۇلتۇزلار بىلەن بار تونۇشلۇقى،
دېڭىزدا ھېچكىم بايقىمىغان.
بىر تەنها ئارالدۇر قەلبى.
بىر تۈپ توغراقتۇر.
ئەتراپىغا يەتمىگەن ئىنسان قەدىمى.
ئۈستىدە پەقەت كەپسىز قۇشلار،
خىياللىرى ئوغرىلانغان.

بىر قارلىغاچ كۆزلىرى قارا،
ئانىلارنىڭ قەدەم ئىزىدىن
تۇپا ئېلىپ ئۈچ چىمدىم؛
قىزلارنىڭ قەلبىدىن سەھەردەك پاكىز
خىيال ئېلىپ بىر سىقىم،
ياساپ قويدى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئۇۋا.





2

قەلبى يېگانە، يولى يېگانە،
ئايغا ئوخشاش، قۇياشقا ئوخشاش،
ئىشىق ئۈچۈن بولغان دىۋانە،
يار مەڭزىدىن گۈل دەپ ئۈزگىنى
چىقىپ قالغان چېغىدا كۆز ياش.

بارمۇ دۇنيادا ئارتۇقراق ئازاب،
ئۇنتالمىسا تەنھالىقنى،
يار كۆزىگە ھەرقانچە قاراپ.

كۆزى يېگانە، سۆزى يېگانە،
ئاشىقلىق چۆلىدە ئۆزى يېگانە.

## «مەھبۇسلۇق پەلسەپىسى»

سالالىدىڭ قولۇمغا كويزا،
پۇتۇمدا بار بەك ئېغىر كىشەن.
لېكىن،
ھېسلىرىمنى ئۇتالىدىڭمۇ، ياق
ئەركىنلىكنى تۇتالىدىڭمۇ، ياق!
ھەقىقەت دەپ شۇنىڭغا ئىشەن.







## مۇھەببەت پەسلى

غازاڭلارنى تەسۋىرلەپ شائىر،
بىر ھىجراندىن بەرمە بېشارەت.
چىرايىنى كۆرۈپ ئالتۇندەك
سارغايدى دېمە ھالسىز ۋە نىمجان.
ئۇ غازاڭلار
مۇھەببەتكە قانماق ئۈچۈن
ئۆز قېپىدىن چىقىپ قايتىدىن
يۇلتۇزلارغا ئايلانغان يۈرەكتۇر.

يىلتىزىدىن غازاڭغىچە،
بولغان ئارىلىقنى
سىغدۇرالىساقلا تەسەۋۋۇرىمىزغا،
ھېس قىلىمىز
غازاڭنىڭ يىلتىزغا ئايلىنالايدىغانلىقىنى.
يىلتىز
مۇھەببەتنىڭ بىر مەخپىي رىسالىسى
تۇپا ئاستىدا ياتقان كۆمۈلۈپ،
غازاڭ
ئاچقۇچىدۇر شۇ رىسالىنىڭ
چىققان
ئارمانلارنىڭ كۆكسىدىن ئۈنۈپ.

## قىش پەسلى

ئاقلىقىڭنى ياخشى كۆرىمەن،
پاكلىقىڭغا كۆيۈپ ئۆتىمەن.
ئاق چېچەكلەر
ماۋزۇسىز قويار سۆيگۈ خاتىرەمنى
كاچكۇلدا
ئۇزىمەن بېلىق بولۇپ،
ئۇخلىغان دەريانىڭ چۇشىنى ئۆرۈپ.
ئانام ساڭا يېقىنلاشقاندا
قازا قىلغان
يېتەلمەستىن ۋەسلىگە.
كۆزۈمنىڭ ئىچىدە ئانام،
سۆيۈپ ئۆتەر جىسمىڭنى.
ئاقلىقىڭنى ياخشى كۆرىمەن،
پاكلىقىڭغا كۆيۈپ ئۆتىمەن.
سەن بالىسەن، سەبىي، ئاق كۆڭۈل،
مەن ئانامنىڭ ئىككىنچى جىسمى.





## ۋەتەن ـ 2

قەلبىمنىڭ تۆرىدە بولىسەن ئايان،
مەن ساڭا سۆيگۈمنى قىلغاندا بايان.

سۆيۈش ئۇچۇن سوزۇلغاندا لەۋلىرىم،
دەريا بولۇپ كۆتۈۋالىسەن.
يىراقلاپ كەتكەندە باغرىڭدىن ئەمما،
يارىمنىڭ ئورنىغا ئۆتىۋالىسەن.

سۆيەي دەيمەن، ئەمما سۆيەلمەيمەن،
بىلمەيمەن چۇنكى لەۋلىرىڭ نەدە.
لېكىن، لېۋىڭ بولۇپ يۈرىمەن سۆيۈپ،
چۆلگىمۇ، كۆلگىمۇ،
تاغقىمۇ، باغقىمۇ،
تەگلىسەڭ نەگە.

## مۇھەببەت

چوغسەن قىشنىڭ ئىلاھى مۇز ئاستىدا ساقلىغان،
توڭسەن يازنىڭ ئاپتىپى قىلالمىغان بىر چارە.
تاڭسەن كۈتكەن پەيتىدە زارىقتۇرۇپ ئاتمىغان،
پىراقىڭدا يۈرەكنى قىلىپ يۈرگەن مىڭ پارە.

كېلەر لېكىن لەۋ ياققۇم تاپىنىڭدىن بېشىڭغا،
يۈرىكىمنى ئويناتقۇم چۆمۈلۈپ كۆز يېشىڭغا،
كېلەر بارغۇم باش بىلەن مېڭىپ ھەتتا قېشىڭغا.

ئاھ مۇھەببەت
«م» ھەرىپى ئېزىلگەن يۈرەك،
«ھ» ھەرىپى تۈيۈق يول،
«ئە»، «ب» سىرلىق بىر چۆچەك،
قەبرىدۇر «ت».





## ئاي تەنھالىقى

سوغۇق نۇرنىڭ سوغۇق سۆيۈشى،
گۈلخانىلارنى قىلدى خارابە.
ئەگىزلەرگە چۈشتى بولۇپ ئوق،
ئىسيانلار يۈرىكى.
يوللاردا يۈرەك بار،
ئايدا يۈرەك يوق.
مۇز قەسرى ئىچىدە باھار،
سۆيۈش ئۇندا ياسايدۇ دولقۇن.
تەسلىمنامە
ناخشىلار تىترىكىنىڭ جازىبىسى،
ھەيكەل بولۇپ قاتقان لەۋلەردە.
لەۋدىكى سەجدىگاھ،
ئاينىڭ ئارمانلىرى كۆمۈلگەن قەبرە.

مەسئۇل مۇھەررىرى: پەرھات ئىلياس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

قىز پەسلى
ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ
تەكشۈرۈش ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 ملليمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN7—228—05849—6/ I . 2135
باھاسى: 10.00 يۈەن